ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر

# چۇشۇرگىدىكى ماجرا



تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ كىتابنىڭ نەشر ھوقۇقى ئاپتورغا تەۋە.

ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر
**چۈشۈرگىدىكى ماجىرا**
رومان

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
2013 - يىل ئاپرېل
ئىستانبۇل - تۈركىيە

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

Yenidoğan Mah. 50/3 Sok. No: 11/2
Zeytinburnu - İstanbul

# مۇندەرىجە

## 1 - قىسىم


مۇقەددىمە ........................ 7
دەسلەپكى ئىزدىنىش ........................ 14
ئۇرۇش ئىچىدە چىنىقىش ........................ 29
بەختىيار كۈنلەردىكى قايغۇلۇق خەۋەرلەر ........................ 41
ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇش ........................ 51
ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ كۈيئوغلى ........................ 62
يېڭى مەسچىت ۋە يېڭى ئۆي ........................ 74
ئېغىر ئاپەت، ئاچچىق ئاقىۋەت ........................ 78
تاسادىپى پىشكەللىك ........................ 81
خىيانەتنىڭ ھېسابى ........................ 91
ئاپەتلىك يىللار ........................ 97
ئامەت يەنە قايتىپ كەلدى ........................ 105


## 2 - قىسىم


ناھىيىدىكى مەخپىي يىغىن ........................ 113
ئاداۋەتلىك مۇھەببەت ........................ 116

ئەلچى كەلدى ........................................ 124
قىسىر ئېگىزغا تاشلانغان قەدەم ........................................ 129
ئادالەتسىز تەقسىمات ........................................ 136
چىنار يىقىلدى ........................................ 142
خىتاي مەھەللىسى ........................................ 145
كېچىدىكى كېلىشمەسلىكلەر ........................................ 161
ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پارتىيىسى يوقمۇ؟ ........................................ 174
جىگىرى بار يىگىت ........................................ 180
سوتتىكى غالىبىيەت ........................................ 186
تۈگىمەس ماجىرالار ........................................ 190

# 1- قسم

I – [illegible]

# مۇقەددىمە

پەستە قاش قارايغىنى بىلەن تاغ ئۈستىدە شەپەق قىزىللىقى يوقالمىغانىدى. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىك تەقسىماتىدا ھېسابسىز نىسۋىگە ئېرىشكەن بۇ زېمىن تولىمۇ ئۆزگىچە كۆركەم ئىدى. رەسسامنىڭ ئۆتكۈر كۆزى ئەگەر بۇ يەرگە چۈشسە ئۇ خالىغان تەرەپتىن خالىغانچە چىرايلىق مەنزىرىلەرنى تاللىۋالالايتتى.

ئىلى دەرياسىنىڭ يامانتۇر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەن ھەر قانداق شوپۇر بۇ يەردە ئىختىيارسىز توختاپ، تاشيول بىلەن پاراللېل، ئەمما غەربكە قاراپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ سۈپسۈزۈك سۇلىرىدىن، دەرياغا دەھشەتلىك دولقۇنلار چاچرىتىپ قوشۇلغان قاش دەرياسىنىڭ سۈرلۈك ئېقىشىدىن، خۇددى ئۆردەكلەردەك قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان سالچىلارنىڭ ياڭراق ناخشىلىرىدىن، دەريا ساھىلىدىكى مال پادىلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە چوپانلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرىدىن، شۇنىڭدەك شىمالدا ئاسماننى تىرەپ تۇرغان سېپىلدەك ھەيۋەتلىك ئابرال تېغىنىڭ قاپتاللىرىدىكى گىلەمدەك پارچە-پارچە بىنەملەردىن بەھۇزۇر ھوزۇرلىنىپ تۇرۇۋالاتتى. شوپۇر ئەگەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ نەزەر تاشلايدىغان بولسا، بىر-بىرىگە مىنگەشكەن ھېسابسىز تاغ بەلدەملىرىدىن شەكىللەنگەن سەكسەنبەلنىڭ خۇددى قېتىپ قالغان دەريا دولقۇنلىرىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرى، ئاسماندا ئۆچۈپ يۈرگەن ھېسابسىز كۆك كەپتەرلىرى، ھېلى ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك

ئېسىلىپ تۇرغان سۇرلۇك قىيا - مورىيانىڭ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلىرى، تەگرىتاغنىڭ چوققىلىرى ۋە ساناقسىز قارىغايلىرى ئۇنى ئىختىيارسىز چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

دەريا ئېقىنى بەكمۇ تېۋەندە بولۇپ، ئىككى قىرغىقىدىكى ۋە تاشيول بويلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەر، ئۇنىڭ سۈيىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى. شۇڭلاشقا قايسىبىر دەۋرلەردە دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن توسۇپ ياسالغان ئۇيغۇر ئۆستىڭى بۇ ھېسابسىز يەرلەرنى سۇغىراتتى. ھەر يىلى قاش يالاپ، يا ئېلىپ خەلققە ھېسابسىز ھاشار ئالۋىڭى كەلتۈرۈپ بېرىدىغان بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى تالاش-تارتىش جېدەللىرى بىلەن قوشۇلۇپ بېشىغا بار، ئايىغىغا يوق ئىدى. توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ كۆزى، قاتناش تۈگۈنى، قەدىمىي يۇرت دەپ ئاتالغان يامانتۇردىكى تاران ئەۋلادلىرى بۇ نېسىۋىدىن مەھرۇم ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا توققۇزتارادىن تاشيولنى بويلاپ چېپىلغان بوز ئۆستەڭ بۇ سۇنى يامانتۇرغا توغرىسى يامانتۇرنىڭ تەۋەسى بولغان ئاقتۆپىنىڭ ئايىقىدىكى بىر پارچە يەرگىچە ئېلىپ كېلىپ دەرياغا تۆكۈپەتتى. شۇ سەۋەبدىن بۇ يەر چۇشۇرگە دەپ ئاتالدى.

دەل ئاشۇ چۇشۇرگىنىڭ يانباغرىدىكى تۆپىلىكتە خىلمۇ - خىل كېيىنگەن بەش ئادەم بەزىسى تۇپىدا، بەزىسى چىملىقتا، بەزىسى ئولتۇرغان، يەنە بەزىسى يانپاشلىغان ھالدا سۆھبەتلەشمەكتە. بىرسى تاماكىسىنى پەرۋاسىز شوراپ يىراق-يىراقلارغا نەزەر تاشلىماقتا. بىرسى قولىدىكى پەنەكنى ئاۋايلاپ سۇمۇرۇپ ئىسنى چىقارغۇسى كەلمىگەندەك ئالدىرىماي پۈۋدىسە، يەنە بىرى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قولىنى سوزۇپ پەنەك نۆۋىتىنى ئالدىراتماقتا. يەنە بىرى بولسا چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە نەشىنىڭ قاڭسىق ئىسىدىن ئۈزىنى قاچۇرۇپ يانغا ئۇرۇلمەكتە. بەستلىك

كەلگەن يەنە بىرسى بولسا، چىملىقتا بەدەشقان قوروپ ئولتۇرغىنىچە قولىدىكى قىزىل دوپپىسىنى ئايلاندۇرۇپ خىيال سۈرمەكتە. ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى چۆپلۈكتە چوشەلگەن تۆت ئات ۋە بىر ئېشەك ئېرىنىپ چۆپ يېمەكتە.

سۆھبەتكە كىرىشكەن بۇ بەش دېھقان يېزىلىق ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنۇپ قويۇپ، ئۆز تىرىلغۇ يېرىنىڭ مۇنداقچە ئېيتقاندا، يەردىن ئالىدىغان رىسقىنىڭ تەقدىرىنى كۈتمەكتە.

- خۇڭموزا؟ ھەي، مېنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەر دەپ كەتتىڭغۇ ئۇ كاپىر. خۇڭموزىسى نېمە دېگىنى؟ بۇ خىتايلار شىۋىسىنى بۇزۇپ، شاڭخەيچە سۆزلىسە بىر ئېغىز گېپىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ھەي، گەپ قىلە، ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش دېۋىزىيىسىنىڭ خىتايلىرى كەلسە خوتۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ سودىسىنى قىلىپ كولدۇرلاپ كېتەتتىڭ. بۈگۈن مۆرىمەي تۇرۇۋالدىڭغۇ؟

- ئاغزىڭغا بىقىپ سۆزلە، ئۇ، قاشتىكى چوڭ ئىستانسىنىڭ ئىنژېنېرىكەن. كۆرمىدىڭمۇ كوڭكىغا چۈشۈپ كەتكىنىنى.

- نېمە، ئىنژېنېر؟ ھەي گالۋاڭ، بۇرۇنراق دېسەڭ بولماسمىدى. مەن تېخى ناھىيىنىڭ سولتەكلىرىمىكىن دېسەم گىدەيگەن ئەلپازى يوق، ھە، مۇتەللىڭ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى يەلىپۈپ، كوڭكىسىغا چۈشۈپ ناھىيىگە كەتكىنى بىكار ئەمەسكەن-دە.

- ھەي، قاراپ تۇرۇڭلار، ئىشنى ئاشۇ مۇتەل دېگەن يالاقچى بۇزىدۇ.

- گەپ قىلىڭ دېسە مىڭ ئېشەككە يۈك، نەق خوجا ئاكىسى كەلگەندە

دىر-دىر تىترەپ زوۋان سۇرۇشەلمەيسەن، ھەي قەلەندەرلەر، بىچارىلەر تۇفى ... - خۇگمۇزا دەپ ئاتالغىنى ياردائىنىڭ ئۈستىدىكى سۇ يالاپ كەتكەن بىر پارچە دۆڭلۈكتە ئولتۇرۇپ يىراقتا توپا تۇزۇتۇپ كېتىۋاتقان كىچىك ئاپتوموبىلغا قاراپ زەردە بىلەن بىرنى تۈكۈردى.

- ھوي، گەپ قىل دەيمەن، - دېدى ئۇ ئۇدۇلىدا چۆپلۈكتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بەكىسى بىلەن باشمالتاق پۇتىنىڭ تىرنىقىنى ياساۋاتقان ئۇرۇق، قاپقارا بالىغا قاراپ، - خۇگمۇزىسى نېمە دېگىنى؟

- نېمە بولاتتى، خۇك دېگىنى قىزىل، موزا دېگىنى دوپپا. - ئۇ خۇش ياقماي جاۋاب بەردى، - مۇتەل ئۇ ئىنژېنېرغا قىر بېشىدا تۇرغان چاغدا ھەممە ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتتى. بىزنىڭ تەلىپىمىزنىمۇ دېدى. ئۇ كىشى «بۇ تەلەپنى كىم قويدى؟» دەپ سورىۋىدى، مۇتەل سىنى كۆرسەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئىنژېنېر «بۇ خۇگمۇزا يامان نېمىكەن» دەپ كۈلۈپ كەتتى.

- خۇگمۇزا؟ تارانچى ئاكائىنىڭ نوچىلىقىنى ئەمدى تونۇپسەن-دە، ھەي، بولدى، ھېلىقى بىر چاغدىكىدەك گاۋموزا (ئىگىز قالپاق) دېمىسىلا بولغىنى. ئۇ بىر نېمىنى چۆرۈۋەتكىلى تېخى ئىككى يىل بولماي تۇرۇپلا. يەنە بىرنى تەييارلاپ كەلگىنىنى قارا بۇلارنىڭ. ئات قويۇشقىمۇ تازا ئۇستىكەن، قارىمامسەن، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ ئاقتۆپە دەپ كەلگەن بۇ يەرنىمۇ خۇگكاك دېدى، كۆندۈردى. ئەلمىساقتىن يامانتۇر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ماكانىمىزنى يې ماتۇ دەۋالدى. بۇلتۇر ئۇرۇمچىگە داۋالانغىلى بارغىنىمدا، دوختۇرخانىدا توختايوپ دېگەن بىر ئالىم كىشى بىلەن بىللە يېتىپ قالدىم. يامانتۇر دېگەن سۆزنى ھېلىغىچە قالماقنىڭ سۆزى دەپ يۈرۈپتىمىز. ئۇ ئەسلىدە ساپ ئالتۇندەك تۈرك تارانچىنىڭ سۆزىكەن ئەمەسمۇ؟ يامانتۇر

دېگىنى كونىچە ياغماتۇر دېگەن سۆز بولۇپ، ياغما دېگىنى بوۋىلىرىمىزنىڭ نامى، تۇر دېگىنى بولسا ئىستىھكام دېگەن سۆز ئىكەن. يەنە كېلىپ، يامانتۇر (باتۇرلار قورغىنى). ياغمانتۇ دېگەنلەرمۇ بار.

- شۇ ئەمەسمۇ، بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇنقى زامانلاردا يامانتۇردا ئاجايىپ زور ئۇرۇشلار بولغانمىش. قارىمامسىلەر، مورىيانىڭ ئۈستىدىكى شېھىتلىكتىن چىققان سۆڭەكلەرنى، پاقالچىكى بىر غولاچ كېلىدۇ. - باياتىن بىرى گەپ قىلماي تىڭشاپ ئولتۇرغان ياداڭغۇ، ئورا كۆز، قاڭشارلىق كەلگەن ئابابەكرى دېگىنى سۆز قىستۇردى.

- ئۆتمۈشۈڭنى قوي، - ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى خۇڭمۇزا دېگىنى. - تېخى يېقىندىلا بەش ئاتار گېرمانكىنى كۆتۈرۈپ گومىنداڭنى مۇشۇ سەكسەنبەلدىن سۈرگەنچە ئاقسۇغا ئاپىرىپ تاشلىمىدۇقمۇ؟ ھەي شۇ چاغدىكى باللار ... مېنىڭ قىزىل يورغامنى دېمەمسەن. جانىۋار مۇشۇ كۈندە بولىدىغان بولسا، دېھقانچىلىقىڭنى چېكەڭگە تېگىپ قويۇپ، قىردا ئويناپ يۈرگەن بولاتتىم. بەيگەڭنىڭ بېشى، ئوغلىقىڭنىڭ تۆشى ئاكاڭنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى، - ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ بۇرۇتىنى تولغاپ قويدى.

- بولدى، بولدى، قۇرۋانكامنىڭ قىزىل يورغىسىنىڭ گېپى چىقتىمۇ، ئەمدى ئىلىخونىڭ پوسى باشلىنىدۇ.

- نېمە دەۋاتىسەن ھەي بەڭگە، - تېخى تۈنۈگۈنلا تاغ ئارقىسىدىن ئېشەك مىنىپ چىقىپ ئاتنىڭ قەدرىنى بىلەمسەن؟ - ئۇ پەنىكىنى شوراپ ئىسىنىمۇ چىقارماي، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئولتۇرغان يۇسۇپ باخشى دېگەننىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، - مېنىڭ قىزىل يورغام بولىدىغان بولسا كارامىتىنى كۆرەتتىڭ. ھە، سېنىڭ ئالتە شەھەرگە داڭ كەتكەن

جەرەن قاشقاڭنىمۇ كۆردۇڭمۇ؟ ئەتىيازدا تاغقا نورۇز ئاشقا چىقىپ قايتقۇچە.
- ئۇ باشقىلارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى.- «قۇربانكا، ياغاچ ئالمايلىمۇ» دېدى. ماقۇل دەپ ئىككى ياغاچنى تېشىپ ئۇنىڭ ئىگىرىگە باغلاپ بەردىم. ئۆزۈم ئىككىنى سۆرەيتتىم. چىنار ساينىڭ مۇزى تېخى ئېرىمىگەنىدى. يىراقتىن بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئورمان جىبەكچىسىگە ئوچراپ جەرىمانە تۆلەپ يۈرمەيلى دەپ ئاتقا قامچا سالدىم. ھەي، بىچارە جانىۋار، بۇنىڭ جەرەن قاشقىسى بەلدەمگە چىدىماي، بىر ياغاچنى تاشلىۋەتتى ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ قىزىل يورغام بولغان بولسىچۇ، غۇلىچنىڭ يەتمەيدىغان ياغاچتىن تۆتنى سۆرەيتتى...

- قۇرۋان، قۇرۇق گېپىڭنى قوي، - يېشى ھەممىسىدىن چوڭ، بۇرۇتى ساڭگىلاپ تۆۋەن چۈشكەن قاسىم ياغاچ ئوتتۇكىنىڭ قونجىدىن قامچىسىنى سۇغۇرۇپ «تارس» قىلىپ يەرگە بىرنى ئۇردى-دە، سۆزنى داۋاملاشتۇردى.
- بولتۇردىن بېرى بىز بەش ئائىلە سېنىڭ ئارقاڭغا كىرىپ، چۈشۈرگىنىڭ سۈيىگە ئۈمىد باغلاپ بۇ يەرنى ئاچتۇق. بولتۇر كۆكىمىزنى سۇ ئەپقاچقانىنى ئاز دەپ جاڭگالنىڭ بەگزادىسى يەپ تۈگەتتى. بۇ يىلمۇ ھەممە خەق تۆگىلىرىنى قويۇۋەتتى. تۆگىلەر ئارالدىن چىقىپ تۆپىگە ئۆرلەپ قويۇۋاتىدۇ. ئەتە-ئۆگۈن بۇ كاشىلىمۇ بار. ئېيتە قۇرۋان، بۇ داۋادا ئۇتالايمىزمۇ-يوق؟

- تۆگىلەر ئەمدى كېلىدىغان بولسا، سويۇپ تاشلاپ ئىگىسىگە يەرنىڭ كۆكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. بۇ يەرنى بىز 15 يىللىق توختامغا ئالغان. ھۆكۈمەتنىڭ قەغىزى قولىمىزدا. ھاكىمنىڭ شىرەمى، سېكرېتارنىڭ تۇغقىنى، چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ چۈپقىتى دېگەن بىرنېمىلەر بىسمىللىسىغا يەرنىڭ سېمىزىنى تالالاپ ئېلىۋېلىشتى. گەپ قىلمىسام ھەرقايسىڭ «مەينەت» ئىنقىلابتا قورقۇپ كەتكەنچە ئېسىڭگە كېلىشەلمىدىڭ. باينىڭ بالىسى

بولساڭ، قىيامەتكىچە ھېسابقا توغۇلمىغان. ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى ھەممىگە ئوخشاش، بوزەك قىلىنىۋېرىدىغان ئەركە جاھان ئۆتۈپ كەتتى. خاتىرجەم بولۇڭلار، مو بېشى مەھسۇلاتنى ئىككى قاتلاپ داجەي، پاجەيلىرىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتمىسەك، مەن قۇرۋان دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن!- قۇربان ئۇلارغا نەزەر تاشلىدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. - ھە راست، ھەي ئابەك، كوممۇنادىكى مۇتەل سېنىڭ توغقىنىڭ. بىر زاماندا سەن كىچىك، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دەپ تاغقا تاش تەرگىلى ئېلىپ چىققاندا قوناق نېنىنى تالىشىپ جېدەللىشىپ قېلىپ، مۇتەل بىلەن بىللە توغقانلىرىڭدىن ئالتە-يەتتىسىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ، ئامال يوق ئۆزۈم دىشلوغا بېسىپ دوختۇرغا ئاپارغاندىم. توغقانلىرىڭ نەچچە ئون يىل ئەرز قىلىپ يۈرۈپ ئاقتۇرالماي، ئاچچىقىنى مەينەت ئىنقىلابىدا چىقىرىۋالدى. بىزنى ئۆز ئارا قىز بەرگۈزمەيۋاتقان ئاشۇ ئاداۋەت. مۇتەلگە ئېيىت، دېھقانىنىڭ ئاش دەۋاسىدا غۇملىرىنى ئىشلەتمىسۇن. ئۇنىڭ ناھىيىدە ئىشلەۋاتقان ھېلىقى ئوغلى يامان ئىمە، ئۇرۇمچىدە قانۇندا ئوقۇپ كەلدى. باشتىن-ئاياغ خىتايچە ئوقۇغان دادىسىغا تەتۈر ئەقىل ئۆگىتىپ يۈرمىسۇن يەنە.

- ھە مۇتەلنىڭ ئوغلى مۇھەممەتجاننى دەمسىلە. ھەقىقەتكە كەلگەندە، دادىسىغىمۇ يۈز-خاتىرە قىلمايدىغان ئوغۇل بالا ئۇ. خېلى بولدى ئۇ مۇشۇ مەھەللىنى قىرلاپ يۈرۈيدۇ جۇمۇ. ئۇنى كېچىدە چوشۇرگىدە كۆرگەنلەر بار. ناھىيىدىن كېچىدە موتوتتا كېلىپ سەھەردە كەتمىش. ھەر قايسىڭنىڭ قىزى بار، سىڭلىسى بار، ھوشيار بولۇش... - دېدى ئابەك ئۇلارغا ۋە مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى-دە، تاماكىسىنى قاسىم ياغاچقا تەڭلىدى.

- ئاللاھۇئەكبەر... - يىراقتىن مەزىنىنىڭ ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ ھەممە بىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ نامازغا تەييارلاندى.

# دەسلەپكى ئىزدىنىش

«ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دېگەن سۆز بار. يامانتۇر ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى گىرۋىكى ئەڭ يېقىن، تار بوغۇزنىغا جايلاشقان مەھەللە بولۇپ، شەرقىي ئۇچ ناھىيىنىڭ ئۆتىڭى، سالچىلىق، كېمىچىلىك، تىجارەت تۈگۈنى بولغاچقا، ھەممە ئەتراپقا داڭقى كەتكەن جاي ئىدى. يېقىنقى يىللارغىچە غۇلجىدىن توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرەلەرگە بارىدىغان ئات-ئۇلاغ، ئادەم، ھارۋا، ئاپتوموبىللار توققۇزتاراغا قاراشلىق بۇ مەھەللىگە كەلگەندە كېمە ئارقىلىق دەريادىن ئۆتكۈزۈلەتتى. بىر-بىرىگە مەھكەم چېتىلغان ئىككى كېمىنىڭ ئۈستى تۈپتۈز تاختايلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قىرغاقتىكى سۇپىغا مەھكەم باغلانغاندىن كېيىن، بۇ قاتقا ئۆتىدىغان يولۇچىلار ئات-ئۇلاغ، ھارۋا، ئاپتوموبىللىرىنى كېمە ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇراتتى. بەلگە بېرىلگەندىن كېيىن، ئىككى قىرغاقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇردىغان پولات ئارقانغا بېكىتىلگەن غالتەك ئارقىلىق كېمە قوزغىلاتتى. كېمىنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتى كېمىچىلەرنىڭ قولىدىكى غايەت زور پالاقلار ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى. دەريادىن ئۆتۈپ بولغانلار ئۇھ تارتىشىپ شۈكرى ئېيتىشاتتى. بەزىدە ئات ئۈركۈپ كېتىپ كىشىلەر، ھارۋىلار دەرياغا چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى.

يامانتۇردىكى ئۇيغۇرلار قەدىم ئەۋلادلىرىدىن تارتىپلا ئەمگەكچان ۋە قولى گۈل تارانچىلاردىن ئىدى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال غەملەيدىغىنى چوڭ بىر ھويلا ئىدى. ئۇز نۆۋىتىدە بۇ ھويلا - كېلىشكەن داچا ئىدى. تاغنىڭ باغرى، تاشيولنىڭ بويى، دەريانىڭ ئۆتكىلىگە كېلىشتۈرۈپ سېلىنغان پىشايۋان، لاي لەمپىلىك قاتار-قاتار ئۆيلەرنىڭ بىر يان تەرىپىدە

ئات، كالا، قوي ئېغىلى، بىر تەرىپىدە ئاشخانا، تونۇرلار بولاتتى. ئالدىدا رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان بىر پارچە گۈللۈك، ئارقىدا بولسا باغ بولاتتى. باغنىڭ ئۈجمە، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق باش پىشىم مېۋىلىرى، نەشپۈت، شاپتۇل، ياڭاق، گىلاس، ئالۇچا دېگەندەك ياز مېۋىلىرى، ئۆينىڭ پىشايۋىنىغا ياماشقان ئۈزۈم باراڭلىرى، شۇنىڭدەك كۆكتات ۋە قوغۇن-تاۋۇزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يەپ-ئىچىپ ئېشىنغۇدەك مول مېۋە-چېۋە، كۆكتات بازىرىنى شەكىللەندۈرەتتى. ئەتىيازلىق تەك ئېچىش، شاخ پۇتاش ۋە سۇ تۇتۇش ئىشلىرىنى ئەرلەر ئىشلىگەندىن باشقا باغنىڭ ئۇششاق ئىشلىرى ئاياللارغا قالاتتى. ئۇلار مېۋە-كۆكتاتلارنى ئۈزۈپ قاق قىلاتتى. خولۇم-قوشنا ۋە تۇغقانلىرىغا يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ ئەۋەتەتتى. ئېشىنغانلىرىنى ئۆتكۈنچىلەرگە ساتاتتى. ئاياللارنىڭ ئىشى تولىمۇ مۇشكۈل ۋە كۆپ ئىدى. ئۇلار سەھەردە كالا سېغىپ، موزاينى پادىغا قوشۇپ، سۈت پىشۇرۇپ، قېتىق ئۇيۇتۇپ، بالا-چاقىلىرىغا چاي بەرگەندىن كېيىن، ئايرىم بىر چەينەك چاي دەملەپ يېقىن قوشنىلىرى بىلەن بىللە گۇڭۇر-مۇڭۇر مۇڭدىشىۋالاتتى. بۇ پاراڭلار ئەڭ يېڭى سۆز-چۆچەكلەر ۋە كېزى كەلگەندە غەيۋەتلەر بىلەن ئاياغلىشىپ، ئۇلار يەنە ئالدىرىشىپ چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىشاتتى. ئەرلەر ئېتىز-ئېرىقنىڭ پىشنى تۇتۇپ، تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تەرگەندىن باشقا، تاغدىكى ئات - ئۇلاغ، قوي-ئۆچكىلىرىنىڭ غېمىنى يەپ ياكى مىلتىقنى بەتلەپ ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قىرغا ئات سالاتتى. كېزى كەلگەندە موي-تىرە، ياغاچ-تاشنىڭ سودىسىنىمۇ قىلاتتى. ئومۇمەن بۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە سودا-تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئەل - يۇرت ھەر دائىم توقچىلىق، مولچىلىق، توي-تۆكۈن، مەشرەپ بىلەن ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، نېمىشقىدۇر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يېگىنى چىرايىغا، كىيگىنى ئۇچىسىغا چىقمايتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى، ئىلى دەرياسى ئۇلارنىڭ

بەرىكەتلىرىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقاندەك ئېغىر لۆمشۈپ دولقۇنلىنىپ ئاقاتتى-دە، ھېچ ئۆزگىرىش بولمايتتى.

ئۆمۈر بويى سالچىلىق ۋە كېمىچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان قۇربان مانا مۇشۇ دەريا بويىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، ئەتراپقا داڭ چىقارغانىدى. ئۇ كىچىككىدىلا سوغا تاشلىغان تەڭگىنى ئاغزىدا چىشلەپ سۈزۈپ چىقىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. كەپسىزلىك قىلغان چاغلىرىدا بولسا، ئۇنى دادىسى كۆتۈرگىنىچە دەرياغا تاشلىۋېتىپ كىرىپ كېتەتتى.

1937 - يىلى كۈزدە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يولباشچىسى خوجىنىيازنى مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەدىسى بىلەن ئالداپ ئۇرۇمچىگە ئەكىلىۋالغان جاللات شىڭ شىسەي بىر يىلدىن كېيىن ئۇنى بىرمۇنچە سەپداشلىرى بىللە قەتلى قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەسكەرلىرىنى، جاسۇسلىرىنى كۆپەيتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى، باي، سودىگەرلىرىنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى، ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. خەلققە سالغان ئالۋاڭ - سېلىقلىرى ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇ كۈنلەردە، توققۇزتارا ناھىيىسىدىن يامانتۇر يېزىسىغا كەلگەن خىتاي چېرىكلەر ھاللىق 10 ئائىلىلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئات تاپشۇرۇش سېلىقىنى سالدى. ياشلىق قۇربان ھويلىدىكى ئات ئېغىلى ئالدىدا، بۇلتۇر ئىسمايىل قارى ئاچقان مەدرىسىدە قۇرئان خەتمىسىدىن ئالىي دەرىجىدە ئۆتۈپ دادىسىدىن مۇكاپات ھەدىيىسى سۈپىتىدە ئالغان بوز تايىنىڭ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى يايلىسىنى بارماقلىرىدا تاراپ ئويناۋاتاتتى. قۇربان بوز تايىنى شۇنداق ياخشى

كۆرەتتىكى، ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئايرىلمايتتى. بوز تاي قۇرباننىڭ ھىدىنى ۋە ئاۋازىنى تونۇيتتى. قۇربان ھەر قانداق بىر يەردە تۇرۇپ ئىسقىرتسا، بوز تاي ئاۋازنى ئاڭلىسىلا ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى. شۇ پەيتتە، قوروغا بېسىپ كىرگەن خىتاي چېرىكلىرى بىگىز قولىدا بوز تاينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- بەللى، بەللى يارايدۇ. بۇ چىرايلىق جانىۋارنى تۇتۇڭلار.- دەپ ۋارقىرىدى. چېرىكلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيىدىن يۈگرەپ چىققان ساۋۇت مەزىن ئېتىلىپ تۇرغان بالىسىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇۋېلىپ، چېرىكلەرگە:

- توختاڭلار، سىلەرگە چوڭ ئات بېرەي،- دېگىنىچە يالۋۇرۇشقا باشلىدى. چېرىكلەر ساۋۇت مەزىنگە قاراپمۇ قويماستىن، بوز تاينىڭ چۇلۇۋۇرىغا ئېسىلدى. قۇرباننىڭ تېپچەكلەپ يىغلاشلىرى، دادىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى، ئاپىسىنىڭ تىل، ئاھانەتلىرى كار قىلمىدى. ئىككى چېرىك مىلتىقنى بەتلەپ ئۇلارغا تەڭلەپ تۇردى، بىرى قولىدىكى قەغەزگە «ساۋۇت بىر ئات بەردى» دېگەن خەتنى يېزىپ، بوزتاينى يېتىلىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ساۋۇت مەزىن بالىسىنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قارىدى. چېرىكلەر بىر. - ئىككىدىن توپلىغان 20 دەك ئاتنى يالىلىۋالغان قازاق يىلقىچىغا ھەيدىتىپ ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. قۇربان ياش ئېقىپ تۇرغان كۆزىنى يۇمۇپ بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇددى چوڭ كىشىلەردەك چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ باغ تەرەپتىكى پەنجىرىنى ئاچتىدە، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ئۇ باغنىڭ ئارقىدىن ئايلىنىپ تۆپىلىككە چىقىپ يىراقتىن توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتقان بىر ئۆيۈر يىلقىنى كۆردى ھەمدە قارىسىنى يوقاتماي ئارقىسىدىن ئەگىشىپ قىر، ئىدىرنى

بويلاپ يۇگرەشكە باشلىدى. مالچى يىلقىلارنى ھەيدەپ مەھەللىدىن چىقىپ تۇزگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، مىنگەن ئىتىنىڭ بىقىنىغا تېپىپ ئاتلارنى يورغىسىغا سالدى. چىرىكلەرنىڭ ئاتلىرىمۇ ئەگىشىپ يورغىلاشقا باشلىدى. قۇربان يۇگرەپ كېتىۋتىپ دەسلەپ ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىمىغان بولسا، كېيىنچە ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ بوزتايىنى بىر قېتىم كۆرىۋېلىشنى خىيالىغا كەلتۇرۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ كۈچەپ يۇگرىگەنسىرى، ئاتلار ئۇنىڭدىن بارغانسىرى يىراقلاشماقتا ئىدى. بوز تاي بولسا كۆتۈرۈلگەن چاڭ -توپا ئىچىدە كۆرۈنمەيتتى. قۇربان تاغ قاپتىلىنى بويلاپ، ھەر بىر سايىنىڭ ئاغزىدىن ئۆتۈپ يۇگرەۋېرىپ نەپەسلىرى بوغۇلۇشقا باشلىدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئاتلار بىرەر چاقىرىم ئۇزاقلىشىپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي تىت - تىت بولغان قۇربان ساي ئېقىنىدىكى بىر قىرغا يوشۇرۇندى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسقىرتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بوز تايىنىڭ چاپچىپ كەينىگە بىر قارىۋېتىپ، ئۇيۇر ئىچىدىن ئايرىلىپ تاغ تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە جايىدا مىدىرلىماي يېتىۋالدى. چىرىكلەر ئاتلىرىنى توختىتىپ بىر ھازا قاراپ تۇردى. قالغان ئاتلارنىمۇ قاچۇرۇپ قويۇشتىن قورقتىمۇ ئەيتاۋۇر قولرىنى سىلكىپ بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىراپ يولىنى داۋام قىلدى.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە، قۇربان بوز تايىنى يايداق مىنگىنىچە ئەنسىرەپ تۇرغان ئاتا. ئانىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلار يا خۇشال بولۇشنى، يا قورقۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ساۋۇت مەزىن بالىسىنىڭ باتۇرلۇقىدىن پەخىرلىنىپ شاتلىنىاي دېسە، ئارقىسىدىن كېلىدىغان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنى ئويلاپ بېشى غەمگە پاتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، مەھەللىدىكى مالچى قازاق بالىغا بىر تاختا چاي بېرىپ: «بۇنى يايلاۋدىكى

داداڭغا ئاپىرىپ بەرگەچ، بوز تاينى مىنىپ تاغدىكى يىلقىغا قوشۇۋەتكىن،
دەپ تاپىلىدى. مالچى بالا كېچىچە دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن
خۇشاللىق بىلەن ئالدىراپ يولغا چىقتى. شۇ ھەپتىدە ناھىيىنىڭ چېرىكلىرى
ئۇياققا ئۆتىسمۇ، بۇ ياققا قايتىسمۇ يامانتۇردىكى ئۆيلەرنى تىمىسقىلاپ
بوز تاينى سۈرۈشتۈرۈۋېرىپ زېرىكتى. قۇربانىنىڭ كىچىككىنە بالا تۇرۇپ
بوز تاينى قۇتۇلدۇرۇۋالغان باتۇرلۇقى ۋە زېرەكلىكى يامانتۇردىكى چوڭ -
كىچىك ھەممىنىڭ ئاغزىدا داستانغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا خىتاي
چېرىكلىرىگە نىسپەتەن سىر پېتى قېلىۋەردى.

مەھەللىنىڭ ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىماسى ئىسمايىل قارى دادىسىدا
ئوقۇپ قۇرئاننى تاماملاپ، قەشقەرگە بېرىپ ھۆسەينىيە مەكتىپىدە ئىلىم
تەھسىل قىلىپ قايتىپ كېلىپلا، مەھەللىدە مەدرىسە ئېچىپ بالىلارنى
ئوقۇتۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ قۇرئاننى تاماملىغان تۆت بالىنى غۇلجىغا
شەرقىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئىدى. بالىلار ئوقۇشنى تۈگىتىپ
قايتىپ كەلگەن يىلى مەھەللىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىسمايىل قارى
مەدرىسىنى كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ھۆسەينىيە مەكتىپىنى قۇردى. بۇ
يېڭى مۇئەللىملەرنىڭ بىرى قۇربانىنىڭ كىچىك دادىسى كېرەم ئەپەندى
ئىدى. قۇربان 13 ياشقا كىرگەن يىلى بۇ مەكتەپتە پەننىي بىلىملەردىن
دەرس ئېلىۋاتاتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇربان ئوقۇۋاتقان سىنىپتا كېرەم
ئەپەندى تارىخ دەرسى ئۆتۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قاپقارا سىرلانغان ساقچى
ماشىنىسى مەكتەپ قوروسىغا ئۆسۈپ كىرىپ سىنىپ ئالدىدا توختىدى.
ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ماشىنىدىن
ئۈچ نەپەر خىتاي ساقچى بىلەن تەرجىمان شىۋە چۈشۈپ، ھەيرانلىق
ئىچىدە قاراپ تۇرغان ئىسمايىل قارىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ

ئارىسىدىكى كۆزئەينەكلىك بىرسى قارا پاپكىسىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، ئىسمايىل قارىغا تەڭلەپ:

- بىز غۇلجا گۇڭئەنجۇدىن كەلدۇق. ئەكسىيەتچى توپىلاڭ گورۇھىنىڭ ئەزاسى كېرەمنى قولغا ئالىمىز... دېدى -دە قولىدىكى رەسىمگە قاراپ سىنىپتا دوسكا ئالدىدا تۇرغان كېرەم ئەپەندىنىڭ قولىغا تاقاق سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. سىنىپتىكى ئون نەچچە بالا قورققىنىدىن چىرقىرىشىپ كەتتى. قۇربان ئېتىلىپ ئالدىغا چىقىپ:

- كېرەم دادا، سىزنى نەگە ئەكېتىۋاتىدۇ بۇلار... دەپ ۋارقىرىغىنىچە يىغلىۋەتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى كېرەم ئەپەندىنى قارا ماشىنىغا سولاپ ئېلىپ كەتتى.

ئىسمايىل قارىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقنايتتى. ئۇ:

- ئۇلۇمنىڭ يېقىنلاشتى غالجىر ئىتلار، ئەل قىساسى مەندە ھەقا- دەپ ۋارقىردى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن.

قۇربان كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە كىچىك دادىسىنى تۇتۇپ كەتكەن خىتاي چىرىكلىرىگە بولغان نەپرەت ۋە قىساس ئوتى يالقۇنجاشقا باشلىغان ئىدى.

1942 - يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەلگەن بىر نەپەر سودىگەر، ئىسمايىل قارىغا بىر پارچە مەخپىي مەكتۇپنى ئەكىلىپ تاپشۇردى. ئۈرۈمچى رەستىدىكى روزىھاجىم مەسچىتىدە ئېچىلغان تۇرانىيە پەننىي مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى ئۇستاز نۇرىدىن ئەپەندى يازغان مەكتۇپتا سالامدىن سوڭرە، ھۆكۈمەت ئىچىدە ئىشلەۋاتقان ئىشەنچلىك بىر كىشى،

خىتاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ قولغا ئېلىش تىزىملىكىدە ئىسمايىل قارىمنىڭ ئېتى بارلىقىنى ئۇقتۇرغانلىقىنى، شۇڭا دەرھال يوشۇرۇن ھالدا چۆچەكتىكى سەلىم باينىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلىنىشى كېرەكلىكىنى تاپىلىغان ئىدى. ئىسمايىل قارىم جامائەتكە غۇلجىغا كېچەشكە يىغىنغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تېزلا يولغا چىقتى. ئۇ غۇلجىدىن قوشۇلغان ئىستىقلالىيەت تەشكىلاتىدىكى ئىككى نەپەر سەپدىشى بىلەن بىللە چۆچەككە يېتىپ بارغاندا، سەلىم باي ئۇلارنى ھاردۇق ئالغۇزۇپ بولۇپلا، بىر گۇرۇپپا كىشى بىلەن جابدۇپ، شەمەي ئارقىلىق پويىزغا ئولتۇرۇپ ئىستانبۇلغا بارىدىغان يول بىلەن ھەرەمگە يولغا سالدى.

يىل ئۆرۈلۈپ ئەتىياز كىرىشى بىلەن قوي، ئۆچكە ۋە سىيىرلىرىدىن تۆل ئېلىش ئالدىراشچىلىقىدىن قولى بوشىغان دېھقانلار نورۇز بايرىمىدا بەش - ئون كۈن ئارام ئېلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ھايال بولماي ئېرىق ئېچىپ، سۇ باشلاپ، ئېتىزنى ئوسا قىلغاندىن كېيىنلا، يەنە ئالدىراپ ئېتىزغا ئۇرۇق چېچىپ، باغ ۋارانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز بىكار بولالمىدى. ئۇلار ماي ئېيى باشلىنىشى بىلەن قولى بوشاپ ئۇھ دەپ ئارام ئېلىشقا پۇرسەت تاپالىدى. بۇ مەزگىل پەسىللەر ئىچىدە تەبىئەتنىڭ ئەڭ چىرايلىق ياسانغان پەيتى بولۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ياپ يېشىل چىملىقلار، قىر - ئېدىرلاردىكى رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللەر، بولۇپمۇ ھويلا -ئاراملارنىڭ ئەتراپىدىكى باغلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە شۇنداقلا ئىشىك ئالدىلىرىدا ھۇپپىدە ئېچىلغان قىزىل گۈللەر، سەھرانىڭ ھۆسنىگە گۈزەللىك بېغىشلايتتى. يىنىك شامالدا دىماققا ئۇرىدىغان قىزىل گۈل ھىدى كىشىگە ھوزۇر بېرەتتى. بۇ مەزگىل تارانچى دېھقانلىرىنىڭ دەل قىزىل گۈل مەشرىپى ئوينايدىغان ۋاقتى ئىدى.

ساۋۇت مەزىن جامائەت بىلەن بىللە، ھەجدىن يېنىپ كەلگەن ئىسمايىل قارىھاجىمنى پەتىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەترەك تونىنىڭ پىشىگە سۆيدى. جامائەت بىر يۇتۇمدىن زەمزەم سۈيىگە ۋە ھەرەمنىڭ خورمىسىغا ئېغىز تەگدى. ساۋۇت مەزىن بۇ يىلقى چوڭ مەشرەپنى ھاجىمنىڭ كېلىشى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قارىھاجىمغا مەسلىھەت سالدى. ئىسمايىل قارىھاجىم مەشرەپنىڭ كۈنىنى بىكىتىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ بۇ يىلقى قىزىل گۈل چېيى مەشرىپىنى قۇربانىنىڭ دادىسى ساۋۇت مەزىن بەردى. ئۇ بۇلتۇر مەشرەپنى ئۆتكۈزۈۋالغان چاغدا ئوتتۇز ئوغۇلغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە، مەشرەپنى كېچەيتىپ، ناھىيىنىڭ ئاقساقاللىرىنى، قوشنا مەھەللىلەرنىڭ يىگىت باشلىرىنى ھەمدە مەھەللىنىڭ مەشرەپكە يېشى توشمىغان ياشلىرىنىمۇ مېھمان سۈپىتىدە قوشۇپ چاقىردى. بۇ ئادەتتە چوڭ مەشرەپ دەپ ئاتىلاتتى. چوڭ مەشرەپتە تەرتىپ بويىچە داۋاملىشىدىغان نەغمە - ناۋادىن كېيىن، مەخسۇس مۇتالىئە - ئىسلامىي بىلىملەر، تارىخىي مەسىلىلەر مۇزاكىرىسى بولاتتى. ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن قۇربان بېشىغا بوز مالخىيىنى، ئۇچىسىغا يەك ۋە ياقىسىغا گۈل ئىشلەنگەن كۆينىكىنى كىيىپ، بىر قولىدا ئاپتۇۋا، بىر قولىدا ماتا لۆڭگىنى تۇتۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى چىلاپچىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ مۇلازىمەت قىلماقتا ئىدى.

مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆرىدە ئىسمايىل قارىھاجىم باشلىق يۇرت ئاقساقاللىرى، مەشرەپ بېگى ھەمدە ئوتتۇز ئوغۇل ئىككى قاتار بولۇپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتە سازەندە، ھاپىزلار، يەنە بىر تەرەپتە مېھمانلار يەك تىز بولۇپ رەتلىك ئورۇن ئالدى. يىگىت بېشى، دارا بېگى، كۆلبېگى ھەمدە پاششاپلار پەگادا پەرمانبەردار بولۇپ، قول قوشتۇرۇپ

تىك تۇرۇشتى. مەشرەپ تەرتىپى بىلەن داۋام ئەتتى. داسقان راسلىنىپ رىشاللا بىلەن ئەتكەن چاي تارتىلدى. نەغمە - ناۋالاردىن كېيىن، نامازشام ۋاقتى بولدى. يىگىت بېشىنىڭ ئىجازىتى بويىچە، ئوتتۇز ئوغۇل ۋە مېھمانلار ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ساۋۇت مەزىنىنىڭ ئۆيىگە تام قوشنا مەھەللە مەسچىتىگە نامازغا كىرىشتى. نامازدىن چىقىپ جاي - جايىغا ئولتۇرۇشقان ئوتتۇز ئوغۇل يىگىت بېشىنىڭ پەرمانى بىلەن شامدىن خۇپتەنگىچە داۋام قىلىدىغان مۇتالىئە مۇزاكىرىسىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن، مەشرەپ بېگىدىن ئىجازەت سورىدى. مەشرەپ بېگى يېنىدا ئولتۇرغان ئىسمايىل قارىھاجىمغا تەبەسسۇم بىلەن كۆلۈمسىرەپ قارىۋېتىپ:

- خوش، ئىجازەت، بۈگۈنكى مۇزاكىرىمىزنى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سوئالى بىلەن باشلىساق،- دەپ تەكلىپ بەردى.

- تەخسىر مۆھتەرەم ئىسمايىل قارىھاجىكا، بەزىلەر مىللىتىڭ نىمە دەپ سورىسا، مىللىتىم ئىبراھىم خەلىلۇللاھ دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئۇنداقتا، تارانچى، ئۇيغۇر دېگەن ئاتلىرىمىز خاتا بولامدۇ،- يىگىت بېشىدىن رۇخسەت ئېلىپ تۇنجى بولۇپ سوئال سورىغان يىگىت قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇردى. ئىسمايىل قارىھاجىم تەمكىن، ئەمما جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆزىنى باشلىدى:

- مىللەت دېگەن سۆز ئەرەبى ئىستىمالدا خەلق، ئاۋام دېگەن مەنالاردا كېلىدۇ. ئوسمانلى تۈركلىرىمۇ شۇ مەنادا ئىپادە قىلىدۇ. بىزنىڭ ئىرقىمىز، مىللىتىمىز، ئۇرۇقىمىز، قەۋمىمىز ئۇيغۇردۇر. قەدىم بابالىرىمىز تۇران، هون، تۈرك دەپ ئاتالغاندۇر. تۈركي، ئەرەبي، فارسي، يۇنان ۋە خىتاي

تارىخنامىلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى شەرقتە خىتاي سېپىلىدىن غەربتە قارا دېڭىزغىچە، شىمالدا سىبىر- موڭغۇل ئورمان، يايلاقلىرىدىن جەنۇبتا ھىمالايا تاغلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىنلاردا تەخت قۇرۇپ ھۆكۈم سۈرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. مانا ھازىر ئىستانبۇل گېزىتلىرىدە قەشقەرلىق مەھمۇد مەۋلانىنىڭ لۇغاتۇل تۈرك دىۋانى ناملىق كىتابى تېپىلغانلىقى، ئۇنىڭدا 5 مىڭ يىللار ئاۋۋالقى قۇدرەتلىك پادىشاھىمىز ئالىپئەرتۇڭا باتۇر ھەققىدىكى قوشاقلار بايان قىلىنغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئالتاي تاغلىرىدا كۆكبۆرە باشلىق تۇغىنى لەپىلدەتكەن بابىلىرىمىز ئوغۇز ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ئىدى. تۇرانىيە زېمىنلىرىدا ھون ئىمپېرىيىسىنى تىكلەپ جاھان سورىغان ئىدى. سىلىنگا يايلاقلىرىدا خاقانىمىز ئۇلۇغ ئېلتەبىر ئورخۇن دۆلىتىنىڭ ئالتۇن تەختىنى قۇرغان ئىدى. پادىشاھ پانتېكىن بابىمىز ئىدىقۇت خاقانلىقىنى قۇرغان بولسا، تارىم دەرياسى بويىدىكى قەشقەردە سۇلتان ساتۇق بابىمىز مىڭ يىللار ئىلگىرى قاراخان دۆلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ بۈيۈك ئىسلام ئەلىمىنى لەپىلدەتكەن ئىدى. بارچۇق ئارت تېكىن خاقان شاھزادىلىرىنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسىدىكى ئۇستازلىقى، ئابدۇرەشىت خاقانىنىڭ ياركەنتتىكى سەلتەنەتى، بەدۆلەت ياقۇپ خاقانىنىڭ تۈركىستان زەپەرلىرى تىللاردا داستاندۇر.

تارانچى ئاتالمىسى موڭغۇللار ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا قويۇلغان خاس نامدۇر، مەنىسى تېرىمچى- بۇغدايچى دېگەن سۆز بولىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ يولتۇز يايلاقلىرىغىچە بولغان تەڭرىتاغ ۋادىلىرىدا قەدىمدىن تارتىپ ئاتا - بابىلىرىمىز ياشاپ كەلگەن. ساتقۇن ئاپپاق خوجا جوڭغارلارنى باشلاپ كېلىپ سەئىدىيە خاقانلىقىمىزنى يوق قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار

كۆپلەپ غەربتكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا. ئىسسىق كۆل، تاشكەنت ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. 1670 - يىللاردا پايتەختىنى ئىلى ۋادىسىغا يۆتكىگەن جۇڭغار ئىستىلاچىلىرى چېرىكلىرىنى بېقىش مەقسىتىدە ئىلى ۋادىسىدا دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن قۇمۇل، تۇرپانلاردىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي يۆتكەپ چىقتى. ئاردىن يۈز يىلدەك زامان ئۆتكەندە قارا خىتاينىڭ ئىلىغا كەلگەن گېنىرالى ئاقسۇدىن 300 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا - چولۇقايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ، بوز يەر ئاچقۇزۇپ دېھقانچىلىققا سالغان ئىدى. شۇندىن كېيىن خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى يەنە، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە تۇرپانلاردىكى قولىغا قورال ئېلىپ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان ئىسيانچى ئۇيغۇرلاردىن مىڭلىغان كىشىنى قەتلى قىلىپ، 3 تۈمەندەك كىشىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ئىكىنچىلىككە سالدى. 1840 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەر، خوتەن، يەكەن، كۇچا، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناس ۋە ئىلى رايونلىرىدا ئۇيغۇرلار تەرەپ - تەرەپتىن قورallıq قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قارا خىتاي چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرغان ئىدى. خىتاي پۇتۇكچىلىرى باج، سېلىق ھېساۋاتى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدە 20 يىلغىچە داۋام قىلغان تارىمچى يۆتكەپ، تېرىقچىلىق قىلىش ھاشاسىدا تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى بېقىش ئۈچۈن 126 مىڭ 700 كىشىنى دېھقانچىلىققا سالغانلىقىنى، 3 مىليون مو بوز يەر ئاچقۇزغانلىقىنى خەتلەپ قويغان. 1864 - يىلى سادىر پالۋان، ئىلى ھاكىم بېگى ئابدۇرۇسۇل باشچىلىقىدا قوزغالغان 30 مىڭدەك قوزغىلاڭچى قوشۇن تېز جەڭ قىلىپ چىڭ چېرىكلىرىنى تار - مار قىلىپ ئىلىدىكى توققۇز شەھەرنى ئازاد قىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان دۆلەت بېشىغا بۇرۇنقى ھاكىم بەگ مەزەمزات سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمىر، نەسىرىددىن ئاخۇن

قازى كالان، موللا شاۋكەت ئاقساقال مۇپتى بولۇپ سايلاندى. بىر يىلغا يېقىن داۋام ئەتكەن دۆلەت ئەركانلىرى ئارىسىدىكى ئاداۋەت، سۇخەنچىلىك ۋە ئىچكى نىزالاردىن كېيىن ئەمىر ئەلاخان سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ زامانلاردا قۇرۇلغان دۆلەتلىرىمىز گەرچە مۇستەقىل، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ھاكىمىيەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلۇق قاراخانىلار ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغان، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى پادىشاھلىقىغا بەيئەت قىلىناتتى ياكى پادىشاھقا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن شاھلىرىمىز سۇلتان دەپ ئاتىلاتتى.

بىز تارانچى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار مانا بۇ كەڭ، پايانسىز زېمىنلاردا ئەسىرلەردىن بېرى ياشاپ كەلگەن ئاتا - بابىلىرىمىزنىڭ ھەمدە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەممە شەھەر، قىشلاقلىرىدىن كېلىپ ئىگىنچىلىك قىلغان تېرىمچىلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىز.

خوش، ئۇنداقتا بىز گۆرجىلغا، ئاقتۆپە، چىپار تىۋلغا ۋە يامانتۇرلۇق تارانچىلارچۇ . بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز 1767 -يىلى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن 6000 ئۆيلۈك ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، ئەسلى يۇرتىمىز قەشقەر بېھىشكېرەمدىن. 1861 - يىلى ئاتا - بابىلىرىمىز قارا خىتاي ئىستىلاچىلىرىغا قارشى قوراللىق قوزغىلىپ، سادىر پالۋاننىڭ 3000 كىشىلىك قوشۇنىغا قوشۇلۇپ بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ غۇلجىنى ئازاد قىلدى. 1864 - يىلى پۈتۈن ئىلى تەۋەسىدە باسمىچى قارا خىتايلارغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆز دۆلىتىنى قۇرغان. 3 يىلدىن كېيىن ، دۇنياغا مۇستەقىل ئىلى سۇلتانلىقى دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. جەمەتىمىز شۇندىن ئېتىبارەن مانا بۇ شېھىتلار ماكانى، غازىلار ۋەتىنى بولغان زېمىنلاردا ئىمانىنى يوقاتماي، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىس بولۇپ ھۆر، ئازادە ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى،

تەلىيىمىزنىڭ كاجلىقى، بەختىمىزنىڭ قارىلىقى تۈپەيلىدىن، گاھ ئاچكۆز ئورۇس كۆككۆزلىرىنىڭ، گاھ خىتاي قارىۋاشلىرىنىڭ تاجاۋۇزلىرىدىن مۇستەسنا بولالماي كەلدۇق.

مەن بۇ مۇبارەك چېيىمىزنى نېمىشقا بۈگۈنكى ئورۇنلاشتۇرغىنىمىزنى جامائەتكە بىلدۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. مۇندىن نەق 10 يىل مۇقەددەم بۈگۈنكى كۈندە يەنى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئەزىزانە شەھەر قەشقەردە، جاھان كەزگەن ئىستىداتلىق ئالىم سابىت داموللام ھەمدە خوتەن ئازادلىق ئورۇشى قوماندانى، تارىخچى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت ئىسلام جۇمھۇرىيىتى جاھانغا كۆز ئاچقان، ئايىولتۇزلۇق يېشىل تۇغىمىز كۆك ئاسماندا لەپىلدىگەن ئىدى. ئازادلىق ئورۇشىنىڭ يولباشچىسى خوجا نىياز ھاجىم دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن، دۆلەت ئاساسىي قانۇنى، پۇلى، پاسپورتى چىقىرىلغان. بىر نەچچە دۆلەتلەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىلگەن ئىدى. يەنە ئەپسۇس، رۇس كوممۇنىستلىرى بىلەن خىتاي مىللەتارىستلىرى بىرلىشىپ بۇ ياش دۆلىتىمىزنى يەپ كەتتى.

مانا بۈگۈن، خەلقىمىزنىڭ ئاھ - زارى پەلەككە يەتتى، زۇلۇم - ستەم سۆڭەككە يەتتى، قىساس، نەپرەت يۈرەككە يەتتى، سەۋرنىڭ قاچىسى تاشتى. ئىنشائاللاھ، پات ئارىدا ئەنە شۇ سەلتەنەتىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پىداكارلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان پۇرسەتلەر كەلگۈسى، شېھىتلىك شەربىتى ئىچىش، غازىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن ئازادلىق ئورۇشى باشلانغۇسى! جانابىي ئاللاھ مۇرادى مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزگەي، ئامىن!

- ئامىن، ئامىن، ئامىن ..- سانسىز قوللار كۆككە كۆتۈرۈلدى، ئۈمىدۋار كۆزلەر ئاسمانغا تەلمۈردى. يىگىتلىك يېشىغا ئەمدىلا قەدەم باسقان قۇربان ئامىن دەپ ئىككى قولىنى يۈزىگە سىپاپ، كۆزىدىن سىرقىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشنى سۈرتىۋەتتى. قۇربان ھاياجانلانماقتا، ۋۇجۇدى گويا ھېلىلا دۈشمەنگە قارشى جەڭگە تەلپۈنگەن شاش تۇلپاردەك قىزىماقتا، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىماقتا ئىدى.

مەشرەپ بىر مەكتەپ، ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىبادەت - ئېتىقادتا، ئەقىل - پاراسەتتە، ئەدەپ ئەخلاقتا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرمەكتە.

مەشرەپ بىر سەھنە، ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى كەسىپ ئەھلىنىڭ تالانتىنى نامايەن قىلىدىغان، يۈلتۇزىنى چاقنىتىدىغان، كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان مەيدان بولۇپ كەلمەكتە.

مەشرەپ بىر جەڭگاھ، ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر مەپكۇرىسىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنغان ھەر قانداق ياتلار بىلەن داسقان ئۈستىدە جەڭ قىلىپ كەلمەكتە.

شۇڭلاشقىمۇ بابالىرىمىز «ئوغلۇڭنى ئەدەپلىك بولسۇن دېسەڭ مەشرەپكە بەر» دەپ ئېيتقان ئىدى. قۇربان ئەنە شۇنداق مەشرەپ قازانلىرىدا قايناپ تاۋلانغان ئەزىمەتلەردىن ئىدى.

قۇربان يىگىت قۇرامىغا يەتكەن چاغلاردا بولسا، دەريادا ئېقىپ كەلگەن لىم ياغاچ، ئات-ئۇلاغلار ھەتتا دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. نۇرغۇن جان ئۇنىڭ قولىدىن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەنىدى.

## ئۇرۇش ئىچىدە چىنىقىش

1944 - يىلى كۈزدە قۇربان ئاتا - ئانىلىرى، تەڭتۇش ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا ماڭغان پىدائىيلارنى يامانتۇردا ئۇزىتىپ قويدى. 200 دەك ئاتلىق قاۋۇل جەڭچىنى ۋە 100 ئاتقا ئارتىلغان ئاشلىقنى ئېلىپ غۇلجىغا ماڭغان ئىسمايىل قارىھاجىم مەھەللىنىڭ 16 ياشتىن تۆۋەن يىگىتلىرىنى بىر يىلدىن كېيىن پىدائىي بولۇشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ مەھەللىدە قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە خىتاي ئىستىبداتلىرىغا قارشى ئومۇمىي ئۇرۇش باشلىنىپ، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر تارقالغاندا يامانتۇردا 40 كۈنگىچە توي بولدى.

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، توققۇزتارانىڭ يامانتۇر مەھەللىسىدە ئەسكەرلەرگە يول باشلىغۇچى بولۇپ تاللانغان قۇربان ئۇزىگە تەقسىم قىلىنغان تۆت ئاتنى سايىنىڭ ئىچىگە چۇشەپ قويىۋېتىپ، پەستە لومشۇپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئېقىنى تەرەپتە ئاستا - ئاستا ئۆلتۈرۈپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ شەپەق قىزىللىقىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، ساي ئاغزىدا ئات ئۈستىدە قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئىشارەت قىلىۋاتقان يېگى سەپدىشى ياسىننى يىراقتىنلا تونىدى.

شەھەردە چوڭ بولغان كىشىلەر بىلەن سەھرادا، قىردا پىشقان كىشىلەرنىڭ چىراي- تۇرقى، گەپ - سۆزىلا ئەمەس، ھەرىكەت ۋە سىزىملىرىدىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى مانا مەن دەپ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. قارامتۇل، گەۋدىلىك كەلگەن قۇرباننىڭ ئات ئۈستىدىكى چۇۋەرلىكى، مەرگەنلىكى، ئوۋچىلارغا خاس بولغان يىراقنى كۆرۈش ۋە ھەر

خىل ئاۋازلارنى پەرق ئېتىشتەك تىنىش سەزگۈرلۈكى، ھە دېگەندىلا ئۆتنىڭ رازۋېتچى ئەترەتكە ئەزا بولۇشىغا يول ئاچقان ئىدى.

قۇربان يوتا يولدىن يان بىغىرلاپ سايىنىڭ بېشىغا چىقىپ، يىراقتىنلا ياسىننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكتىن مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلىپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

- چاپسان بول ئىنى، كوماندىر سېنى تېز كەلسۇن دەيدۇ.- دېدى ياسىن ئاتتىن چۈشمەيلا قولىدىكى قامچىنىڭ سېپى بىلەن ئارقا تەرەپنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلىپ.

يامانتۇرغا ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلگەن سۇپاخۇن كوماندىر مەھەللىنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى دەرياغا قارىتىپ سېلىنغان ياغاچ لەمپىلىك ئېگىز ئۆيلەرگە - مۆتىۋەر ئاقساقال ئىسمايىل قارىھاجىمنىڭ يازلىق مېھمانخانىسىغا چۈشكەن ئىدى. نۆۋەتتە بۇ ئۆي تاغ ئارقىسىغا چۈشىدىغان ئارمىيە قىسملىرىنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانلىق ئىشخانىسى ھېسابلىناتتى. قۇربان ئالدىراپ ئۆيگە كىرگىنىدە، گاز پەنەر چىراقنىڭ غۇۋا يورۇقىدا، كىيىنىشى ۋە تۇرقىدىن سۇپاخۇن كوماندىردىنمۇ چوڭ ئەمەلداردەك كۆرۈنگەن ۋە تۆردە ئولتۇرغان كىشىلەرنى ئاران كۆرەلىدى. پەگا تەرەپتە بولسا، تۆت نەپەر يىگىت ئەسكەرلەرگە خاس جىددىي قىياپەتتە قاتارلىشىپ ئۆرە تۇراتتى. قۇربان سالامدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ ئەسكەرلەر قاتارىدا ئىكەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلىپ ئىككىلەنمەيلا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ تىك تۇردى.

- يىگىتلەر،- دەپ سۆز باشلىدى تۆردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى قۇربان تونۇيدىغان سۇپاخۇن كوماندىر يېنىدىكى كىشىلەرگە كۆلۈمسىرەپ

قارشۇتسپ.- سىلەر بۇگۈن كىچىدە، يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن مۇز داۋانغا قاراپ يولغا چىقىسىلەر! ۋەزىپەڭلەرنى رازۋېتچى ئەترەت باشلىقى مەردان چۈشەندۈرىدۇ. سىلەرگە يول باشلايدىغان قۇربان بۇ يەرلەرنىڭ ئويى - دۆڭىنى ياخشى بىلىدىغان مەرگەن ئوۋچى. ئۇنى كىچىك دەپ قالماڭلار. ئات ئۈستىدە ئۇنىڭ چەۋەندازلىقىغا ئاراڭلاردا بەلكىم ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ.- سۇپاخۇن كوماندىر يېنىدا ئولتۇرغان كۆك كۆزلۈك ئورۇس باشلىققا ۋە قاپقارا بۇرۇتلۇق، قارا كۆزلۈك ئۇيغۇر ئەمەلدارغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى.- بۇ مەھەللىدىكى ئاقساقاللارنىڭ دېيىشىچە، قۇربان بولتۇر كۈزدە ئارالدىن قوناقلىققا چىققان ئىككى قاۋاننى ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپ، ماناپولكا مىلتىقى بىلەن ئېتىپ مىڭىسىنى چۇگۇۋېتىپتۇ. ئۇ شۇنداقلا تىكەس تەرەپتىن لىم ياغاچلاردىن سال باغلاپ، دەريادا ئېقىتىپ، چاپچالغا ئەكىرىپ ساتىدىغان سالچىلارنىڭ ئوغلىكەن. - كوماندىر ئەسكەرلەرگە بۇرۇلۇپ يەنە شۇنداق دېدى:

- قۇرباننى ئاراڭلارغا قوشۇلىڭلار، ھازىردىن باشلاپ ھەربىي كىيىم كىيمەيسىلەر، پۇتۇن ئەترەت پارتىزانچە ھەرىكەت قىلىمىز. ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيسىلەر، ھەتتا ئاتا - ئاناڭلار ۋە دوستلىرىڭلار بىلەنمۇ خوشلاشمايسىلەر. ئىش - ھەرىكىتىڭلار مەخپىي بولىدۇ. چىقىپ تەييارلىق قىلساڭلار بولىدۇ. ھە مەردان، بىرىنچى پىلان بويىچە ھەرىكەتنى باشلاڭلار!

- خوپ كوماندىر!- تۆت يىگىت پۇتلىرىنى جۈپلەپ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە قويۇپ سالام بەردى. قۇربانمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

شۇنداق قىلىپ مەردان باشچىلىقىدىكى بەش پارتىزان قۇرباننىڭ يول

باشلىشى بىلەن كىچىدە سەكسەنبەلنى ئاتلاپ چىپارتتۇلغا تەرەپتىن موگغۇلكورە. تىكەس يايلىقى يولىغا قاراپ ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئالماشتۇرۇپ مىنىش ئۈچۈن تەييارلانغان ھەمدە قورال، ئوق - دورا، يېمەك ئارتىلغان زاپاس ئاتلارنىڭ چۇلۇۋۇرى ئەسكەرلەر مىنگەن ئاتلارنىڭ ئىگەر غانجۇغىسىغا باغلاپ قويۇلغان ئىدى.

نىشان مۇزداۋان ئىدى. رازۋېتچىلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ بۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا قۇربانىنىڭ پەرەزلىرى توغرا چىقتى. ئۇ سەپداشلىرىغا:

- تومۇز تېخى ئەمدى باشلاندى، مۇزداۋان ئېرىمىدىمىكىن.- دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك، مۇز داۋانىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك بىرەر چاقىرىم كېلىدىغان تىك قىيالىق تاغ جىراسىنى ئىككى غولاچ قېلىنلىقتا مۇز قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئات ئەمەس، پىيادە ئادەممۇ ماڭالمايتتى. رازۋېتچىلار تاڭ ئاتقاندا بىر چوققىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا قۇربان تۇيۇقسىز:

- ئاغىنىلەر، تاغ ئارقىسىدىن تۇتۇننىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. ئادەم باردەك قىلىدۇ، دىققەت قىلايلى.- دېدى. ئۇلار ئېھتىيات بىلەن ئۆمىلەپ تاغ ئۈستىگە چىققاندا، ھەقىقەتەن مۇز داۋانىنىڭ ئاقسۇ تەرەپتىكى ئېغىزىدا خىتاي چېرىكلىرىنىڭ ئىستىھكام ياساپ، قاراۋۇل تۇرغۇزغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارغا زەربە بېرىش بۇيرۇقى بېرىلمىگەن ئىدى. ئەكسىچە، ھېچقانداق شەپە چىقارماسلىق، دۈشمەنگە قەتئىي كۆرۈنمەسلىك بۇيرۇقى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ ئاكوپ ئاغزىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان بىر دانە ئېغىر تېپتىكى پىلىموتنىنىڭ ئۆزىلا ساي ئىچىدىن ھېچكىمنى ئۆتكۈزمەي قىرىۋېتەلەيتتى.

ئۇلار قانداق تېزلىكتە كەلگەن بولسا، شۇنداق چاققانلىق بىلەن كەينىگە

قايتىپ، ئاساسى قىسىم بىلەن تىكەس ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ، ئەھۋالنى كوماندىرىغا دوكلات قىلدى ھەمدە ئىككىنچى پىلان بويىچە نىشان ئۆزگەرتىپ، تىكەسنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئاقبولاق جىلغىسىغا قاراپ قىسمىنىڭ ئالدىدا رازۋېتكا ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلار بىر قانچە كۈن ئېگىز تاغ، قارلىق داۋان، مۇزلۇق سايلاردىن ئۆتۈپ، ئەڭ خەتەرلىك جاي - ئاقداۋانغا كەلگەندە، قۇربان ھەمراھلىرىنى توختىتىپ ئالدى بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك ئارتقان قوتازنى، ئارقىسىدىن ئېگەرسىز ئاتنى تاغ يوتىسىدىكى يولغا سالدى، ئەپسۇسكى، ئات - ئۇلاغلارمۇ يولنى باسالماي تىك ھاڭغا تېيىلىپ چۈشۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە بۇ يولدىنمۇ ۋاز كېچىپ، تىكەسنىڭ كۆكسۇ يايلىقى تەرەپتىن ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىنى نىشان قىلىپ يولغا چىقتى.

8 - ئاينىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 150 تىن ئارتۇق پۇقراچە كىيىنگەن باتۇر ئەزىمەتلىرى قۇربان يول باشلىغان رازۋېتچىلارنىڭ توغرا يېتەكلىشى نەتىجىسىدە ئاقسۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى قىير مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى.

- جىما - دېدى قۇربان رازۋېتچى سەپداشلىرىغا ئىشارەت قىلىپ، قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن.- ئالدىمىزدىكى ئورماندىن ئۈچ كىشى كېلىۋاتىدۇ، ئاياق تېۋىشى ئېغىر، بەلكى قولىدا قورال ياكى يۈكى بار.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەستىن، رازۋېتچىلار ئورماندا گۆزەتچىلىككە چىققان ئۈچ نەپەر خىتاي چېرىكنى كۆزلىرىنى باغلاپ كوماندىرىنىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، قىيىردىكى دۈشمەنلەرنى يوقاتقان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جەڭچىلىرى ھېچ شەپە چىقارماي تۇرۇپلا، بىر ھەپتە ئىچىدە باي ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ، بۇ ناھىيىدىكى نەچچە يۈز دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يەر چىشلىتىپ ۋە ئەسىر ئېلىپ زۇلۇم چەككەن ئۇيغۇر خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈردى.

ھاياتىدا تۇنجى قېتىم جەڭگە كىرگەن قۇربان قورقۇش، ھۇدۇقۇشتىن تەمكىنلىككە، رەھىمدىللىكتىن جەسۇرلۇققا، باتۇرلۇققا ئىنتىلىدىغان روھى ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە قورقماس ئەسكەرگە ئايلاندى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ دەھشەتلىك ۋە ئەڭ ئۇنتۇلماس شەرەپلىك كۈنلەر قوچاق ئاچتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ، قورغان ئېغىزىدىكى جەڭگە قاتناشتى، قۇزئاۋاتقا يېرىپ ياردەمگە كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايەن قىلدى. باي ناھىيىسىنى قوغداش ۋە بايدىن چېكىنىپ چىقىپ قوغدىنىش جېڭىدە ئەڭ ئاخىرىغىچە تىركىشىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە زەربە بېرىپ سەپداشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق چېكىنىشىگە يول ئاچتى. قورغاندىكى ئىككىنچى قېتىملىق قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى، مۇز داۋاندىكى دۈشمەن قاراۋۇل پونكىتىنى تار - مار قىلىشقا قاتناشتى. باي ناھىيىسىگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسىتىپ مېدال ئالدى. ۋىزۋوت كوماندىرى بولدى.

9- ئاينىڭ باشلىرىدا غۇلجىدىن ياردەمگە كەلگەن ئاتلىق قىسىملار، يەرلىكتىن قوشۇلغان پارتىزانلار ۋە قۇربانىنىڭ سەپداشلىرى بىرلىكتە نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ئاقسۇ كونىشەرنى ئازاد قىلىپ، ئاقسۇ يېڭىشەر ئىچىگە مۆكۈنۈۋالغان گومىنداڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش

ئۇچۇن بىر ئايغا يېقىن ئۇرۇش قىلدى.

9- ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقسۇ يېڭىشەھەر ئىچىدىكى ئۆلۈم گىردابىدا سارىسىمغا چۈشكەن خىتاي ئەسكەرلىرى غالجىرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنى قوللاپ، خەلقنى ئويغىتىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، قورالىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋاتقان يوشۇرۇن تەشكىلات «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى 28 نەپەر ئەزاسىنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردى!

دۈشمەن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتاتتى. تىركىشىپ ئاقسۇنى توغرىسى جىننى قوغدىماقتا ئىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەڭچىلىرى غەزەپ - نەپرەتكە تولغان قەھرى بىلەن، كۆزلىرىدىكى قىساس ئوتىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ دۈشمەن سېپىلىغا ئۆزىنى ئېتىپ جەڭ قىلماقتا ئىدى. 10 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، بىردە ھۇجۇم، بىردە مۇداپىئە ئارىلىشىپ كەتكەن ھەر بىر كۈندە، قانچە قېتىملاپ سائەتلەرچە قاتتىق جەڭ بولسا، يەنە قانچە سائەتلەپ جىمجىت سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرەتتى.

شۇنداق ۋەھىملىك كۈنلەرنىڭ بىرى، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، شاخ- شۇمبىلار بىلەن نىقاپلانغان ئاكوپنىڭ ئىچىدىن ئاڭلانغان «ئاللاھۇ ئەكبەر... ئاللا ھۇئەكبەر...» دېگەن ئەزان ئاۋازى كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلغان قۇربانىنى ئويغىتىۋەتتى. قۇربان شاخلار ئارىسىدىن يىراقتىكى دۈشمەن ئاكوپىغا قارىتىلغان بەشئاتار گىرمانكىنىڭ تەپكىسىنى ئوڭ قول باشمالتىقىدا تۇتقان پېتى «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن دەپ، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى...» دەپ نىيەت قىلدى-دە، دۇم ياتقان يېرىدىن مىدىرلىماي

نامىزنى ئوقىدى.

تووۋا، قانچە رەت غايىپتىن نامىزى چۈشۈرۈلگەن غازى ئۈچۈن نە ھەشەمەتلىك مەسچىت، نە قىبلە، نە ئىمام، نە جەيناماز ۋە نە تاھارەت ھاجەت بولمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللاھقا بولغان مۇستەھكەم ئەقىدىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان ئىدى. ئۇ ئاللاھتىن باشقا ھەممىنى ئۇنۇتقان ئىدى.

ئۇرۇش، ئۆلۈم، جەسەت، قان ئىنسان روھىيىتىنى چۇلغىۋالغاندا، ئاللاھ يولىدا، ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئازادلىقى دېگەندىن باشقا ھەممە نەرسە كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئىنسان ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. قۇربان تالاي دۈشمەننى ئۆلتۈردى، بىرلىرىنىڭ مېڭىسىنى چەنلەپ ئاتتى، بىرلىرىنىڭ كۆكسىنى تىتىۋەتتى، بىرلىرىنىڭ پاچىقىنى چىقىۋەتتى، بىرلىرىنىڭ يۈرىكىگە نەيزە سانجىدى، بىرلىرىنىڭ كۆزىگە خەنجەر ئۇردى، بىرلىرىنىڭ گېلىنى بوغدى، ئۇ ھەر قېتىم ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ باشلاپ ئىشىنى تۈگەتكىنىدە بولسا ئالدىدا لەپىلدەپ تۇرغان ئايىولتۇزلۇق كۆك بايراققا قاراپ خۇرسىنىپ نەپەس ئېلىۋالاتتى.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھتىن باشقا ھەممىنى ئۇنۇتقان ئىدى. ئۇ ئىلى دەرياسى بويىدىكى گۈزەل يېزىسى يامانتۇردىكى باغ - ۋارانلىق ئۆيىنى، ئاتا - ئانىسى، ئۇكىلىرىنى، مەھەللىدىكى مويسىپىت ئاقساقاللارنى، دوست - يارەنلىرىنى ھەممىسىنى ئۇنۇتقان ئىدى. ئۇنىڭ يېزىدىكى ھاياتى ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تەنھا ھېس قىلاتتى. پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ ئۇنى چىن ئەقىدە بىلەن ئىبادەت قىلىشقا ئۈندەيتتى، ئاللاھ ئۇنى ۋەتەن تۇپرىقىنى ئەزىز جېنى بىلەن پاكلاشقا، ئىستىلاچى دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ،

ئانا يۇرتنى ئازاد قىلىشقا، ئۇيغۇر مىللىتىنى ھۆررىيەتكە ئېرىشتۈرۈشكە چاقىراتتى.....

كونىلار «بىتالەيگە سۇ كەلسە، چوڭ توغاندىن يا كەتتى» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقىپ، دۈشمەن زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىغاندا، ئازادلىق جەڭچىلىرى قان كېچىپ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئاقسۇ يېڭىشەر پەتھى قىلىنىش ھارپىسىدا يەنى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەتىگەندە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىدىن جىددىي بۇيرۇق كەلدى:

ئۇرۇش توختىدى، چېكىنىڭلار!

رۇس كومىسسارىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقلىرى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەمكىن، ئەمما مەجبۇرىي چۈشەندۈرۈشلىرى، شۇنىڭدەك كوماندىر سوپاخۇنىنىڭ يالۋۇرۇپ مۇراجىئەت قىلىشلىرى جەڭچىلەرنىڭ ۋەھىمىلىك گۇمانلىرىغا تەسكىن بولالمىدى.

- بۇ نېمە ئىش ئەمدى! «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەككۈچە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، ئازلا قالغاندا چېكىنەمدۇق؟

- ياق، بۇ بىر تەسلىمچىلىك، بۇ بىر خائىنلىق! - كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ روھى چۈشكۈن، چىرايى غەمكىن، قاپىقى تۈرۈلگەن. سىرلىق پىچىرلاشلار، غەزەپلىك تۇۋلاشلار ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، رۇسلار تەرىپىدىن تارقىتىلغان ئېغىر قوراللار، پىلىموت، مىنامىيوتلار، ھەتتا تاپانچىلارمۇ نومۇرى بىلەن تىزىملاپ يىغىۋېلىنىپ

ئېلىپ كېتىلدى.

قۇربان سەپداشلىرى بىلەن بىللە ياتاقتا بولۇقتۇرۇملۇق ئىچىدە قايناپ سۆزلىشۋاتاتتى. ئىشىكنى ئىچىپ كىرگەن كوماندىرى ئابدۇراھمانوفنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ جىم بولۇشتى. ئابدۇراھمانوف جەڭچىلىرىگە باش لىڭشىتىپ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، قۇرباننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە قاراپ ئولتۇرغان ئەسكەرلىرىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ سۆزىنى باشلىدى:

- ئەسكەرلىرىم، بىز خىتاي باسمىچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قولىمىزغا قورال ئېلىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندۇق. مەقسىتىمىز ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدىن تاجاۋۇزچى خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئازاد جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، خەلقىمىزگە بەخت - سائادەت يارىتىش ئىدى. ئەپسۇس، ياۋۇز دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن، رۇسلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولدۇق. بۈگۈن 2 - جاھان ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا دۇنيا ۋەزىيىتى بىزگە پايدىسىز بىر ھالغا كەلگەندەك قىلىدۇ. رۇسىنىڭ، ئەنگلىيەنىڭ، ئامېرىكىنىڭ گېنېراللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، خىتاينىڭ پايدىسىغا تون پىچىۋەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش نىيىتىدە بىزنى سېتىۋەتكەندەك قىلىدۇ. توغرىسى «سۇ بېشىدىن لاي» دېگەندەك تەقدىرىمىزنىڭ ئاغامچىسى ئاللىقاچان خەقلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان ئىكەن. ئارمىيىمىزنىڭ ئالىي ھوقۇقلىرىنى قولىغا ئېلىۋالغان رۇس قوماندانلار بىزنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى. بىزلەر ھەربىي، بۇيرۇققا بويسۇنۇش بۇرچىمىز. لېكىن، ئەسكەرلىرىم ئېسىڭلاردا بولسۇن، ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان شېھىتلىرىمىزنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمايدۇ! سىلەرنىڭ باتۇرلۇقىڭلارنىڭ ئەجرى بوشقا كەتمەيدۇ. بىز يەنە پۇرسەت كۈتىمىز،

كۆرەشلىرىمىزنىڭ داۋامى قانداق بولىدىغانلىقىنى غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن بىلەلەيمىز. سەۋر قىلىڭلار.

- چۈشەندۇق كوماندىر.- قۇربان ئۈمىدسىز تۈيغۇلار ئىچىدىن بىردىنلا ئويغانغاندەك ئۆزىنى سىلكىۋېتىپ سۆز باشلىدى.- ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىر قەدەم چېكىنگەندەك قىلىمىز. ئەمما خاتىرجەم بولۇڭ كوماندىر، يۇرتىمىزغا قايتقاندىن كېيىن، ئازادلىق مەشئىلىنى باشقىدىن تۇتاشتۇرىدىغاندەك قىلىمىز.

- شۇنداق، ئۇرۇسنىڭمۇ قارا خىتايدىن پەرقى يوقتەك قىلىدۇ. بىزنى سېتىۋەتتىغۇ ھالقىلىق پەيتتە....- ئەسكەرلەر تۈشمۇ - تۈشتىن شىكايەت قىلىشتى، دەرت تۆكۈشتى، ئىچىنى بوشىتىپ، ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

كوماندىر ئابدۇراھمانوف قول ھەرىكىتى ۋە كۆز ئىشارىلىرى بىلەن ھېسداشلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ ئەسكەرلىرىگە ھەمدەم بولدى.

گېرمانىيىسىنى رۇسلار يىقىتقاندىن كېيىن، دۈشمەندىن ئولجا ئېلىپ ئۆزىگە مۇكاپات سۈپىتىدە قايتۇرۇلغان بىر دانە خەنجىرى قالغان قۇربان، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزۈن ۋە جاپالىق چېكىنىش سەپىرىنى تاماملاپ تېكەسكە كېلىپ توختىدى. قۇربان يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تېكەستە تەشكىللەنگەن سوپاخۇننىڭ تېكەس ئاتلىق پولكىدا ئاتلىق ئەسكەر ۋېزىۋوت كوماندىرى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

شىددەتلىك ئۇرۇش، قورقۇنچلۇق سەپەر، قانلىق جەڭلەرگە ئادەتلىنىپ قالغان قۇربان تېكەس ئاتلىق پولكىدىكى تەكرار ئاتلىق مەشىق، مىش - مىش پاراڭلار، زېرىكىشلىك ھاياتتىن جاق تويۇپ كەتتى. غۇلجىدىن

كېلىۋاتقان ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر، ماناس دەرياسى بويىدىكى ئالدىنقى فرونت ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى ئەپقاچتى گەپلەر ھەمدە ئۇرۇمچىدىكى خىتاي قوشۇنلىرىنىڭ پاتىپاراق ھالىتى ھەققىدىكى ئاخباراتلاردىن زېرىكىپ، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يېزا ھاياتىنى سېغىنىشقا باشلىدى. ئۇ باشقا پىشقەدەم ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئەسكەرلىكتىن چېكىنىش ئىلتىماسى سۇنۇپ قويۇپ تەستىقنى ساقلاشقا باشلىدى.

شۇ يىلى قىش باشلىنىپ تۇنجى قار ياغقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇربانىنىڭ قىسمىدىن چېكىنىش ئىلتىماسىنىڭ تەستىقلانغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. كوماندىر ئابدۇراھمانوۋ سەپتىن چېكىنگەنلەرنى ئۇزىتىش مۇراسىمىدا قۇربانىنىڭ كۆكسىگە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانلىق شەرەپ نىشانى بولغان ساداقەت مېدالىنى تاقىدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر ھەربىي ئات تەقدىم قىلدى. قۇربان ئۆزىگە ئۇزۇن مەزگىل ھەمراھ بولغان، ئابدۇراھمانوۋ يادىكارلىق ئۈچۈن تەقدىم قىلغان قىزىل يورغا ئېتىنى مىنىپ يامانتۇر مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئۇرۇشتىن كېلىپلا ئات ئويىنىتىپ داڭ چىقاردى، ئۇنىڭ قىزىل يورغىسى ئەتراپقا پۇر كەتتى. قىزىل يورغا بىلەن تەڭ ئۇنىڭمۇ نامى ئەتراپقا تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇ مەزىنىنىڭ ئوغلى، شۇنىڭدەك نامازخان بولغىنى ئۈچۈن ئەل-جامائەت ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. مەھەللە ۋە قوشنا مەھەللىدىكى ياشلار بولسا، ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى ۋە قورقاتتى. نۆۋىتى كەلگەندە ئۇ جېدەل مۇشتلاشلارنىمۇ سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بازغاندەك مۇشتىنىڭ تورىنى نوچىلىق قىلغان ھەرقانداقىغا تېتىتىپ قوياتتى.

# بەختىيار كۈنلەردىكى قايغۇلۇق خەۋەرلەر

«كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك توققۇزتارا ناھىيىسى غۇلجىدىن يىراق، ئۈرۈمچىدىن بولسا تېخىمۇ يىراقتا. غەمسىز ۋە بىر خىل سۈرئەتتە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى خۇددى ئۇزۇن سىپىلدەك ئۇنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇياققا كەلمەكچى بولغان كىشى دەريادىن ئۆتۈشى، تېخىمۇ توغرىسى يامانتۇردىكى قوش كىمىدىن ئۆتۈشى كېرەك. شۇڭلاشقىمۇ ھەر قايسى دەۋرلەردە كېلىدىغان ئەمەلدارلار، چۈشىدىغان ئەمر - پەرمانلار بۇ يەرگە كەلگىچە خېلىلا يۇمشاپ كېتىدۇ. ئىقتىسادى مەنپەئىتى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ ناھىيىگە ھۆكۈمدارلارمۇ ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. بىر زامانلاردا مانجۇ- خىتاي چېرىكلىرىنىڭ زورلۇقى بىلەن بۇ يەرلەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن تارانچىلار ھازىرقى زاماندىمۇ ئوخشاشلا دېگىدەك تىرىكچىلىكى، ئويۇن - تاماشاسى بىلەن بەنت بولۇپ، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تىگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان» بىغەم ھاياتقا كۆنۈپ قالغان.

مانا مۇشۇ كۈنلەردە، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە خىتاي پۇقرالىرى پاراكەندىچىلىك ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە قېچىش ھازىرلىقىدا تۇرغان. شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسى ماناسقا قىستاپ كېلىپ، ھەربىي كۈچ تەھدىتى بىلەن گومىنداڭ چېرىكلىرىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاۋاتقان، ئەمما ستالىن مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۇرۇش توختىتىپ باسمىچىلار بىلەن بىتىم تۈزۈشكە زورلاۋاتقان جىددىي بىر ۋەزىيەتتە، توققۇزتارادىكى دېھقانلار خاتىرجەم ھالدا ئازاد، ھۆر، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ لەززىتىنى سۈرمەكتە. ھەركىم ئۆز يېرىنىڭ تېرىلغۇسى، چارۋا مالliرى، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكلىرى،

قشلىق ئۇتۇن، كۆمۈرى دېگەندەك ھايات تىرىكچىلىكى بىلەن، مەشرەپ، ئويۇن- تاماشاسى بىلەن، كەلگەن - كەتكەنلەرگە مال ساتىدىغان سودا تىجارىتى بىلەن خاتىرجەم، بەختلىك ياشىماقتا. ئويناپ- كۈلۈپ يۈرمەكتە. دۇنيادا نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ؟ موسكۋادا، ئۈرۈمچىدە، غۇلجىدا كىملەر شەھەر سوراۋاتىدۇ؟ دېگەندەك چوڭ - چوڭ گەپلەرنى پەقەت شەھەر كۆرگەن باللار سورۇنلاردا ئانچە- مۇنچە سۆزلەپ قويغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشلار ھەممىسى دېگۈدەك باغ - ۋاران، ئېتىز - ئېرىق، تاغ، دالا، ئات، كالا، ئۇغلاق، مەشرەپ قاتارلىق ئۆزىگە يادا بولۇپ كەتكەن ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ناھىيىدىكى ۋە يېزىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى، مۆتىبەرلىرى، يۇرت چوڭلىرى بولغاچقا، ياشلار ئۆز ئىشى بىلەن، ئويۇن - تاماشاسى بىلەن غەمسىز ياشىماقتا ئىدى. يامانتۇر يېزىسىنىڭ باللىرى قاتتىق ئەدەپ - قائىدىلىك مەشرەپ داسقىنىدا بەكلا قورۇلۇپ قالاتتى، مەشرەپتە ئىختىيارىي ئويۇن - چاقچاق، ئەركىن - ئازادە سۆزلەش، ھەتتا بەھۇزۇر ، خالىغانچە ئولتۇرۇش ئىمكانلىرىمۇ بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئادەتتە نامازشامدىن كېيىنلا مەھەللە مەسچىتى ئالدىدىكى كەڭ سۇپىسى بار مەيدانغا بىردىن- ئىككىدىن كېلىپ توپلىناتتى. ئۇلار دائىم دېگۈدەك قۇرباننىڭ قىزىقارلىق سەپەرلىرى، ئاقسۇدىكى ئۇرۇشلار ھەققىدىكى ياد بولۇپ كەتكەن ھېكايىلىرىنى تەكرار ئاڭلايتتى. بەزى قارى قۇرئان باللار جەڭنامىلەرنى، ئەۋلىيالار ھەققىدىكى قىسسەلەرنى ھېكايە قىلاتتى. شەھەرگە تولا كىرىپ چىقىدىغان باللار بولسا، بۇنداق سورۇنلارغا كەمدىن - كەم داخىل بولاتتى. ئۇلار مەھەللىگە كېلىشى بىلەنلا، شەھەرلەردە كۆرگەن ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن

ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

- ئۆتكەن ھەپتە سال ياغاچلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دادام بىلەن غۇلجىغا كىرگەن ئىدۇق.- سالى سالچىنىڭ ئوغلى مەۋلان ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.- ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن تاغامنىڭ بالىلىرى - تەگتۇشلىرىم، تۆرەمنى كۆرىمىز دەپ ئالدىراپ مېنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى. يا، پىرىم، بۇ كارامەتنى كۆردىڭلارمۇ؟ جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئىلىخان تۆرەم ئۆيىدىن چىقىشى بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى ئاقساقاللار، ئەمەلدارلار قول باغلاپ يەرگە قاراپ تۇرىدىكەن. ئەسكەرلەر تىك تۇرۇپ سالام بېرىدىكەن. تۆرەم كىچىك كوڭكىدەك ياسالغان دىشلو ھارۋىغا چىققاندىن كېيىن، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگرەپ بىللە باردۇق. ھۆكۈمەت ئىدارىسىغا كەلگەندە جاھاننى تىترىتىپ مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئورۇس، تاتار ئەسكەرلەر كانايلىرىنى چېلىپ تۆرەمنى قارشى ئالدى. تۆرەم ئاستا مېڭىپ ئىدارىسىگە كىرىپ كەتتى. تۆرەمنى قوغداپ ئىككى تەرىپىدە ماڭغان ئەسكەر باللارنىڭ ھەيۋەتلىك كىيىملىرىنى، ئېسىۋالغان ئاپتوماتلىرىنى، ئاستىدىكى تۇلپاردەك ئاتلىرىنى كۆرىدىغان بولساڭ...- مەۋلان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، چوڭراق ياشتىكى سودىگەر داۋۇت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

- ئاغىنىلەر بىر ئاي ئىلگىرى، يىغقان موي - تېرىلىرىمنى غۇلجىغا ئەكىرىپ مويكىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، شەھەردىكى باللار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە چاي ئالغىلى ماڭدۇق. ماناسقا كەلسەك، چېگرىنى ئىككى تەرەپ چىڭ توسىۋاپتۇ. ئەھمەت ئەپەندىلەرنى خىتايلار بىلەن بىتىم تۈزۈشكە ئۈرۈمچىگە كەتتى دەپ ئاڭلىدۇق. ماناسىنىڭ سودىگەر باللىرى ئاجايىپ يامانكەن جۇمۇ، «چاينى مۇشۇ يەردە ئالساڭلار، ئۆزىمىز ئەكىلىپ بېرىمىز، ئۈرۈمچىدە خىتايلاردىن ئەرزان ئالىمىز دېسەڭلار ئاپىرىپ - ئەكىلىمىز»

دېدى. ئاغىنىلەر ھەممىمىز دەسلەپ قېتىم كەلگەن بولغاچقا، ئۈرۈمچىنى كۆرۈپ كەتكىمىز كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ باشلىقلىرى ئۈرۈمچىدە تۇرسا نېمىدىن قورقىمىز دەپ ئويلىدۇق.

ماناسنىڭ باللىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان، ماناسقا ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بىللە كۆچۈپ كەلگەن باللار ئىكەن. ئىككى بالا بىزنى ئېلىپ ماڭدى. تاغ ئىچىدىن ئاتلىق ئايلىنىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە قۇتۇبىي دېگەن شەھەرنىڭ يايلاۋسىغا كېلىپ قوندۇق. ئۇلار بىزنى ئەتىسى سەھەر بامداتتا يەنە تاغ ئىچى سايىنى ئارىلاپ، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى سايۋاغ دېگەن مەھەللە بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ، دەريادىن ئۆتۈپ، تاشبۇلاق دېگەن دەڭگە ئەكىلىپ تاشلىدى. ئۇ كۈنى دەم ئېلىپ ئۇخلاپ، ئەتىسى بازارغا چىقتۇق. ئەييۇھەنناس، بازار دېگەننى كۆرىدىغان بولساڭ، رەستە - رەستىدە تۇرۇپ كەتكەن ماللار... جاھاندىكى جىمى ئادەم تاپقىنىنى بۇ يەرگە تۆكۈۋەتىدىكەن ئەمەسمۇ؟ توخو سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. نېمىنى ئېلىپ، نېمىنى قويۇشۇڭنى بىلمەيسەن.- داۋۇت ئۆزىگە كۆزىنى ئۇزمەي ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرغان باللارغا بىر قۇر نەزەر تاشلىۋېتىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ، يېنىدىكى ئاغىنىسىنىڭ قولىدىن شوراۋاتقان پەنەك تاماكىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىپ ئىككى سۈمۈرۈۋالدى-دە، ئىگىزرەك بىر يەرگە يۆتكىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.- بىز مال ئالىدىغان كۈنى سەھەردە بازارغا كىرىپ ھەيران قالدۇق. خىتايلار سېپىلنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، شەھەرنىڭ سىرتىدا ياشايدىغانلار ھەممىسى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، قازاق، تۇڭگان دېگەندەك مۇسۇلمانلار بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار ئىدى. بارلىق سودىگەرلەر دۇكىنىنى تاقىۋاپتۇ. ئادەملەر جىددىيلىشىپ ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشىپ

يۇرۇيدۇ. ياشلارنىڭ قولىدا گۈزەل، كۆزلىرى تەشۇنلىك.

سارايغا قايتىپ كېلىپ سارايۋەندىن سورىساق، خىتاي شەھىرىدىكى سىپىلنىڭ ئىچىدىكى گومىنداڭ چېرىكلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۆھبەت ئۈچۈن كەلگەن ئەھمەتجان قاسىم باشچىلىقىدىكى ۋەكىللىرىنى، قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، سىپىلنىڭ سىرتىغا - ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرىگە چىقارماپتۇدەك. ئەگەر كەچكىچە ئۇلارنى قويۇپ بەرمىسە، ئۈرۈمچى خەلقى سىپىلدىن ئىچىگە بېسىپ كىرگىدەك. چوڭ قىرغىن بولغىدەك. ماناسلىق ئاغىنىلىرىمىز يېتىپ كېلىپ بىزنى ئالدىراتتى. ئۇلار :

- سوداڭنى قويۇشە، تارانچىلار، بۈگۈن رەھبەرلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭگە تەييارلىنىڭلار، سودىگەر باللار نەچچە باك كىرسىن تەييارلاپ قويدى، سىپىلغا ئوت قويۇپ بېسىپ كىرىمىز. بىر كېچە جان تىكىپ ئېلىشساق، ماناستىكى ئەسكەرلىرىمىز كەپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايىيولتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى ئۈرۈمچىگە قادايمىز.- دېدى ھاياجان ئىلكىدە ئالدىراپ.

كۆرگەنلا كىشى بىزنىڭ غۇلجىدىن كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، ئازاد رايوندىن كەلگەن مېھمان دەپ بېشىدا كۆتۈرۈپ ھۆرمەت قىلىۋاتاتتى. بەزى ئۇستاملار ئاشپۇزۇلدا پۇل ئالغىلى ئۇنىماي:

يىگىتلەر، مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى كۆرگەن كۆزۈڭلارغا سەدىقە بولسۇن. قېرىنداشلارغا سالام ئېيتىڭلار، بىزنىڭ باللار چاپسانراق كەلسۇن!- دەپ سۆزلەيتتى.

راست دېگەندەك، كەچكە يېقىن ئۇرۇمچىنىڭ خىتاي سېپىلىنىڭ رەستە دەرۋازىسى ئەتراپى ئۇيغۇر ياشلىرىغا توشۇپ كەتتى. كىرسىن تولدۇرۇلغان غۇلاچ يەتمەيدىغان ئۇن نەچچە باك سېپىلغا يۆلەپ قويۇلغان ئىدى. شۇ ئەسنادا، سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىپ، كىشىلەر ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ كەتتى. ئەھمەت ئەپەندى قاتارلىق 6-5 كىشى خىتاي دەرۋازىسىدىن خاتىرجەم، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول ئېچىپ قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ ھۇررا توۋلاشتى. چاۋاك چېلىشتى. بىزمۇ غۇلجىغا تالاي قېتىم كىرىپ كۆرۈشكە نىسىپ بولمىغان ئەھمەت ئەپەندىنى ئۇرۇمچىدە رەستە كوچىسىدا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ خۇشاللىقىمىزدىن كۆزلىرىمىزگە ياش ئالدۇق. ئەھمەت ئەپەندى مېڭىپ، روزىھاجىم مەسچىتى يېنىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەركىزىگە كەلگەندە، كىچىك پىكاپنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان مىڭلىغان كىشىلەرگە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدى.

- ھە، ھە، ئەھمەت ئەپەندى نېمە دېدى؟- باللار تەقەززالىق بىلەن ئالدىراپ سورىدى. داۋۇت يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

- ئاغىنىلەر، مەن ھەپتىيەكنى ئاران تۈگەتكەن سودىگەر ئادەم، تازا ئىسمدە تۇتالمىدىم، ھەممىسى سىياسىي گەپلەر، 11 بېتىمگە رىئايە قىلىش، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى دېگەندەك گەپلەر ئىشقىلىپ.

- جەڭچىلىرىمىز گومىنداڭنى سۈرۈم توقاي قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى ماناستا توختاپ دۈشمەن بىلەن بېتىم تۈزگىنى نېمىسى؟

- شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىمىز گومىنداڭ باسمىچىلىرى بىلەن

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇپتۇما؟ بۇ قانداق گەپ بوپكەتتى؟

- ھەي قۇربان، سەن دېگىنە، زادى نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟- بىر

- بىرىدىن بەسلىشىپ سوئال سوراپ، بەس مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتكەن

باللاردىن بىرسى قۇربانغا مۇراجەت قىلدى. قۇربان ئەسكەرلەرگە خاس

جىددىي تەلەپپۇزدا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

- ئاغىنىلەر، زامانىنىڭ بەكلا ئارقىسىدا قاپسىلەر ، ئانچە - مۇنچە

بولسىمۇ گېزىت ئوقۇپ قويۇڭلار. 5- 6 يىل ئىلگىرى كۆن پېتىشتا

گېرمانلار، كۈن چىقىشتا ياپونلار بىر بولۇپ، نەچچە يۈزمىڭ ئەسكىرى بىلەن

ئۇرۇس كوممۇنىستلىرىنى يوقىتىمىز دەپ ئۇرۇش قىلغان ئىدى. ئامېرىكا،

ئەنگلىيە دېگەن چوڭ دۆلەتلەر ئۇرۇسلارغا بولۇشۇپ، ئىككى يىل ئاۋۇال

گېرمانلارنى ، ياپونلارنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا

ئۇرۇشى دېگەن سوقۇش تۈگىدى.

- نېمىنى تالىشىدىغاندۇر، بۇ دۆلەتلەر؟- گەپ قىستۇردى بىرسى.

- نېمىنى تالىشاتتى، بىزگە ئوخشاش بوزەكلەرنىڭ يېرىنى، بايلىقىنى

تالاشمامدۇ.- دېدى قۇربان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.- ئۇرۇسنىڭ باشلىقى

ستالىن ئامېرىكىنىڭ، ئەنگلىيىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، پۈتۈن

دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۇرۇش توختىسۇن دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بىز بىلەن

سوقۇشۇۋاتقان گومىنداڭ خىتايلىرىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن

ستالىن بىزنى گومىنداڭ بىلەن ياراشتۇرۇپ قويىدىغانغا كېلىشىپتۇدەك.

ئىككى يىل ئىلگىرى خىتاينىڭ جاڭ جىجۇڭ دېگەن گېنېرالى ئۇرۇمچىگە

كېلىپ، ئەھمەت ئەپەندىلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى ئورۇنلايدىغان

بولۇپ، 11 تۈرلۈك بىتىمگە قول قويغان ئىدى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى

بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قۇرۇق ئىمىزگىنى سەپ قويۇپ، ھەدەپ خەلقنى ئەزگىلى، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغىلى تۇردى. بىزلەر بۇيەردە ئازاد ياشاۋاتقىنىمىز بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قالغان 7 ۋىلايىتىدە خەلقىمىز قان يىغلاپ ئىڭراۋاتىدۇ. مانا ئەمدى گومىنداڭ ھۆكۈمەتىنىڭ بېشىغا ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئۇيغۇرلارنى تاللاپ قويۇپتۇ. ئەھمەت ئەپەندى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدارلىرى گومىنداڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. قەشقەر، خوتەنلەردە ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ كەتتى، تۇرپان، توخسۇنلاردا خەلق قوزغىلىپ قوراللىق ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. ئاڭلىساق ھازىر خىتاي دۆلىتىدىمۇ گومىنداڭ خىتايلىرى بىلەن كوممۇنىست خىتايلىرى تۇتۇشۇپ قاپتۇ. ئىنشائاللاھ. ئىككى قاۋان سوقۇشسا، كىيىك ئامان قاپتۇ دېگەندەك، بىزگىمۇ بىر نۆۋەت كېلىپ، ئۇرۇستىنمۇ، خىتايدىنمۇ قوتۇلۇپ، مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ چىقىدىغان پۇرسەتلەر كېلەر...- قۇربان سۆزلەۋېتىپ ھاياجان ئىچىدە ئەتراپقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئولتۇرغان باللار بىر نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك «ئامىن» دەپ دۇئا قىلىشتى.

1949 - يىلى كۈز پەسلىدىلا قار يېغىپ، مەھەللىنى جۇدۇن قاپلىدى. قۇربان قورۇسىدىكى ئوتۇنخانىدىن ساندۇق مەش ۋە كانايلارنى ئېلىپ چىقىپ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كانايىنى تۈگلۈكتىن چىقاردى. ئۇ يېزىنچە كەسلەپ تەييارلاپ قويغان ئوتۇنلارنى مەشكە تاشلاپ ئوت ياقتى. ئۆي ئىچى ئەمدى ئىسسىشقا باشلىغاندا، تالادا گۈكرەپ كېلىپ توختىغان ئاپتوموبىلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

- ھوي قۇربان، بەشئاتارنى بەتلەپ چاپسان چىق! سوقۇشقا ماڭدۇق.- تالادىن قۇرباننىڭ جەڭ سەپدىشى خالىقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

- خوتۇنۇم كەلمىدى دەپ، قېيناتاڭ بىلەن سوقۇشقىلى تىكەسكە ماڭغانسەن؟- قۇربان ئادىتى بويىچە ئاغىنىسى بىلەن چاقچاقلىشىپ كۆرۈشتى. خالىق مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن، خورجۇنىنى تام تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىكى ئېيىق تېرىسى كۆرپىگە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي دۇئاغا قول كۆتۈردى.

- ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىن، خۇدايىم بىزنى باسمىچى خىتاينىڭ زۇلمىدىن قوغدىغايسەن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى، خەلقىمىزنىڭ ھۆررىيىتى ئۈچۈن بىزگە ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - غەيرەت ئاتا قىلغايسەن، ئامىن.- خالىقنىڭ دۇئاسىدىن بىرەر شۇملۇقنىڭ بىشارىتىنى سەزگەن قۇربان داسقان سالماي تۇرۇپلا ئالدىراپ گەپ سوراشقا باشلىدى.

- چاپسان بولە، نېمە بولدى؟ يەنە قانداق شۇم خەۋەر بار؟

- نېمە خەۋەر بولاتتى؟ ئايلار ئۆتۈپ كەتتى، تۆرەمدىن خەۋەر يوق. ئورۇسلار يىغىنغا چاقىرىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. يېقىندا ئەھمەت ئەپەندى، ئابدۇكېرىم ئابباسلار بېيجىڭغا يىغىنغا بارىمىز دەپ ئالماتاغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۈچ كۈن ئاۋۋال بىر شۇم خەۋەر تارقالدى، ئۇلار ئولتۇرغان ئايروپىلان بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ تاققا ئۇسۇۋېلىپ، ئەھمەت ئەپەندىلەر ھەممىسى شېھىت بوپتۇدەك! ھېچكىم قورقۇپ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتىدۇ. لېكىن باشلىقلارنىڭ تۇرقىدىن بۇنىڭ راستلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.- دېدى خالىق ھودۇققان ھالدا قۇربانغا قاراپ.

- بۇ سۈيىقەست، ئورۇس بىلەن خىتاينىڭ پىلانى. ئەمدى قاراپ ياتساق بىراقلا تۈگىشىمىز جۇمۇ، بىزنىڭ قوماندانلىرىمىز نېمە قىلىشىۋاتىدىغاندۇ؟ قورقۇنچاقلار...- قۇربان قايناپ كەتتى.

- ئاخىرىنى ئاڭلا.- دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى خالىق تېخىمۇ جىددىي قىياپەتتە قۇربانغا قاراپ.- بىر ئاي ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ قوماندانى تاۋ سىۇ دېگەن خىتاي بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان دېگەن تاتار ئىككىسى بىزگە تەسلىم بولماي، لەنجۇغىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ھەپتە ئاۋۋال قىزىل خىتايلارنىڭ چېرىكلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى ئورۇسلار ئايروپىلانىدا توشۇپ كەپتۇدەك. بىر قىسمى ئاپتوموبىللاردا، بىر قىسمى پىيادە مېڭىپ يولغا چىققانمىش. ئۈرۈمچىگە كوممۇنىست خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىزنىڭ جۇمھۇرىيەت ئارمىيىمىز بىر كۈندە كىرىپ ئورچىشىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھۆكۈمەتنى كوممۇنىست خىتايلار بىلەن شېرىك باشقۇرىدىغان ئوخشايمىز. بۇ خىتايلارنىڭ جىقلىقىدىن كۆڭلۈك ئىلىشىپ كېتىدۇ. خۇددى گومىنداڭنىڭ چېرىكلىرىنى كىيىمنى يەڭگۈشلەپلا ئېلىپ كەلگەندەك، بىر-بىرىدىن ئەبگا. بىر- بىرىدىن ئاۋاق، كىيىملىرىچۇ، جۇل - جۇل كىيپەندەك. پاچاقلىرىغا ئۇزۇن لاتا يۆگىۋالغان پېتى پايتىملىرىنى ساڭگىلىتىپ، ماڭقىسىنى ئېقىتىپ، دىر - دىر تىترەپ كەلگەنمىش.

- ئەمدى تۈگەشتۇق خالىق، ئەمدى تۈگەشتۇق. ستالىن بىلەن ماۋ زەيدوڭ - سېرىق ئىت بىلەن قارا ئىت بىرلەشتىمۇ بىزگە كۈن يوق.- قۇربان ئۆزىنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى خالىققا سۆزلەپ بەردى.- مەلىمىزدىكى ئاقساقال ئىسمايىل قارىھاجىم ئۆز ۋاقتىدا ھەجىدىن يېنىپ، ئىستانبۇل، قازان ئارقىلىق پويىز بىلەن شەمەيگە كېلىپ قايتقان ئىكەن. شۇ چاغدا ئىستانبۇلدىكى مىللەتچى تۈركلەردىن، قازاندىكى مۇستەقىلچى تاتارلاردىن ئورۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ نەقەدەر يۈزسىز، زالىملىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن.

كوممۇنىست ئورۇسلار خەلقنى چرايلىق گەپلەر بىلەن ئالداپ، شەھەرگە كىرىۋىلىپلا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار، تۈركمەن دېگەندەك تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنى، يېتەكچىلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى، زىيالىيلىرىنى تۇتۇپ، قاماپ، ئۆلتۈرۈپ يوقىتىشقا باشلاپتۇ. ھەتتا ئىلگىرى بەزى مەھەللىلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇيغۇرلارنى توپلاپ ئۇققا تۇتۇپ قىرىپ تاشلاپتۇ. ئەنە شۇ ئورۇس ئەمدى بىزنى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تاشلاپ بېرىۋاتامدۇ. بۇ خىتايلارمۇ ئورۇسنى شۇ يىتى دورايدۇ.

- قاراپ تۇر قۇربان ئەتە - ئۆگۈن شۇ خىتايلار بىزنىڭ يۇرتلارغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا كۆرىمىز كۆرگۈلىكىمىزنى.- خالىق ئېغىر خورسىنىپ بېشىنى چايقىدى.

- ئىسمايىل قارىھاجىكامىمۇ ئۈرۈمچىگە سىياسىي كېڭەش ھەيئىتى بولۇپ كەتكەنچە كەلمەيۋاتىدۇ. غېنىكام نەدىدۇ؟ ئاغىنە، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۆزىمىز باش بولۇپ، باشقىدىن قوراللىنىپ سوقىشىدىغان كۈنلەر كېلىۋاتامدۇ نېمە؟!

ئىككى سەپداش كېچىچە ئاخىرى يوق پىلانلار، ئايىقى چىقماس خىياللار بىلەن مۇڭدىشىپ تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۇخلاپ قېلىشتى.

## ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇش

بىر كۈنى، قۇربانى ناھىيە بازىرىدىكى تاغىسى چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمدى ئۇ ھەۋەسلەر

ئىچىدىن ھەۋەس ئىزلەپ ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە تېخنىكومدا ئوقۇپ، پوچتا كەسپىنى ئۆگەندى. يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەن ئوخشىمىغان شىۋە ۋە تىللاردا سۆزلىشىدىغان ساۋاقداشلىرى ھەممە ئۆز سەھراسىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان شەھەر، ئادەتلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ھەم كۈچلۈك ھەم ئابرويلۇق يىگىتتىن ئەمدى ئەقىللىق يىگىتكە ئايلاندى.

قۇربانىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇش ھاياتى تولىمۇ مەنالىق ئۆتتى. ئۇ ئەسكەر ۋاقتىدا گەمىلەردە يېتىپ، ھەر يەرلەردىن كەلگەن سەپداشلىرى بىلەن تونۇشۇپ، سىردىشىپ پاراڭلاشقان، ھەتتا مۇڭداشقان بولسىمۇ، ئېتىز- ئېرىق، ئات- ئۇلاغ، قورقۇنچاق خىتاي ئەسكەرلىرى ۋەياكى چىرايلىق چوكانلار ھەققىدىكى چاقچاق سۆزلەر ھەممە ھېكايە، چۆچەكلەردىن باشقا تۈزۈك سۆھبەتلەر بولمايتتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئاجايىپ چوڭقۇر مەنالىق سۆھبەتلەرنىڭ، دۇنيانىڭ، ئۈرۈمچىنىڭ، خىتاينىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئائىت ۋەقەلەرنىڭ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە دائىر سىرلىق ئويۇنلارنىڭ، قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا باغلىق قاينام - تاشقىنلىق مۇلاھىزىلەرنىڭ قاينىمىغا، جاۋابى تېپىلمىغان نۇرغۇنلىغان نېمە ئۈچۈنلەرنىڭ دولقۇنىغا غەرق بولدى. تارىخ، سىياسەت دېگەنلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان كادىرلار تەربىيەلەش كۇرسى نامىدىكى بۇ مەكتەپنى كوممۇنىستلار تەشكىللىگەن ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كومپارتىيە بيۇروسى باشقۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ مەكتەپكە ھەر قايسى جايلاردىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئوفىتسىرلار، كادىرلاردىن باشقا ياش ئوقۇغۇچىلارمۇ يىغىلغان ئىدى. ھەر قايسى سىنىپلاردا ئۆز كەسپلىرى بويىچە تەقسىم قىلىنغان كۇرسانتلار

ئالدى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىدىن باشلاپ كەسپى دەرسلىرىنى ئالاتتى. قۇربان ئۆز تەگتۇشلىرىدىن 30 دەك قىز - ئوغۇل بىلەن بىللە پوچتا- تېلېگراف، قاتناش - ئالاقە ساھەسى بويىچە تەربىيەلىنىدىغان سىنىپتا ئوقۇدى.

يېڭى كەلگەن كۈنى ئۆنى تاختايلىق، ئەينەك پەنجىرىلىك ياتاق، بولۇپمۇ ئۆينى پار بىلەن ئىسسىتىدىغان تۇرۇبا مەش ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قەۋەتلىك بىنالارنى، سىم كارىۋاتلىق ئۆيلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ياتاققا كىرگىنىدە ئۇنى ياتاقتىكى ئۈچ نەپەر ساۋاقدىشى قارشى ئالدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قېرىنداش، مەن مۇھەممەت ئۇرۇمچىدىن، بۇ، سابىر بورىتالادىن، بۇ، داۋۇت تۇرپاندىن، سەن ؟- ئۆزىنى ئۇرۇمچىلىك دەپ تونۇشتۇرغان مۇھەممەت ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى خورجۇننى ئالدى- دە بوش كارىۋاتقا قويدى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاغىنىلەر، مەن قۇربان توققۇزتارادىن،- دېدى قۇربان تارتىنىپراق.

- ھەرنېمە بولسا ئازاد رايوندىن كەلگەنلەر ئىككى بولدى. بىز ئىككىمىز دەرت- ھەسرەتلەردىن شىكايەت قىلمىز. ئىككىڭلار ھۆر ھاياتتىن ھېكايە قىلىسىلەر، تەڭلىشىدىغان بولدى.

مۇھەممەت سۆزمەن، چىچەن يىگىت ئىدى. ئالتە سائەت دەرستىن باشقا ۋاقىت، بولۇپمۇ ئاخشاملىرى ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ئاساسەن تۆت ياتاقداشنىڭ ئىختىيارىدا قالاتتى. ئۇلار بىر ھەپتىگە يېقىن سىردىشىپ، مۇڭدىشىپ، ئۆز - ئارا تونۇشۇپ بولدى. قۇربان يېڭى ئاغىنىسى مۇھەممەتنىڭ

بىلىمگە تالڭ قالدى. ئۇ خۇددى دۇنيانى ئۆزى چۈگىلىتىۋاتقاندەك تارىختىن، جۇغراپىيىدىن ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ يېڭى ۋەزىيىتى ۋە سىياسەتلىرىدىن توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى. بېيجىڭدىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنى گويا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقاندەك ماۋ زەيدۇڭ مۇنداق دېدى، جۇدى مۇنداق دېدى، ۋاڭ جىن دېگەن ئەپيۇنكەش خىتاي ... دەپ قايناپ كېتەتتى. خىتاي ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىسى گېنېراللىرىنىڭ، پولكوۋنىكلىرىنىڭ ھەتتا پولك كوماندىرلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرەتتى.

- قوماندان مۇھەممەت ئىمىنوف شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان قەھرىمان، ۋىجدانلىق رەھبەر، ئۇ ھازىر 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ يەنى بىزنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىزدىن قالغان تەۋرۈك ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى. ئەگەر ئۇ بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇپ، قەشقەردە مىدىرلىماي چىڭ تۇرۇپ، 5 -10 يىل ئىچىدە يەنە بۇرۇنقىدەك 30 - 40 مىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى قوراللاندۇرالىسا، ئازادلىقىمىزنىڭ باشقىدىن يەنە ئەسلىگە كېلىشىدىن ئۈمىد بار. ئەگەر شۇنداق بولسا، مەركىزى ۋە غەربىي ئاسىيادا پاكىستاندىن قالسىلا ، ئەڭ يېڭى مۇستەقىل دۆلەت بىز بولۇپ قالاتتۇق ،- مۇھەممەت ئادەتتە مۇنداق مۇلاھىزىلىرىنى قىلچە يوشۇرماي شۇنداقلا ئەگىتىپ ئولتارمايلا ئۇدۇل دەۋېرەتتى.

قۇربانىنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە، توغرىسى سىنىپتىكى سىياسىي تەلىم - تەربىيە، كەسپىي دەرسلەر، خىتايچە ئۆگىنىشلەردىن كۆرە، ياتاقتىكى ئەقلى بىلىملەر ۋە تارىخىي مۇلاھىزىلەر بەكرەك رول

ئوينىدى. مۇھەممەت بىر كۈنى سىنىپىدىكى ئون نەچچە ساۋاقدىشىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. قوربان ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇمچىدىكى رۇس كونسۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ، ئىگىز تۆپىلىكتىكى ھەيۋەتلىك بىناغا-مۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپلا ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. ئۆگزىسى كۆك قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان، كۆك قىش بىلەن قوپۇرۇلغان بىنانىڭ ئىچى يوپ - يورۇق گاز چىراقلار بىلەن ۋالىلداپ تۇراتتى. قوش ئەينەكلىك ئىگىز پەنجىرىلەرگە نەقىشلەنگەن ئاپپاق پەردىلەر تارتىلغان. مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كارىشناۋاي شىرە ئۈستىدىكى قەندەللەرگە قەن - گېزەك، نازۇ - نېمەتلەر قويۇلغان ئىدى. ئۇلار ئەگمە تالدىن ياسالغان يۇمىلاق ئورۇندۇقلارغا تارتىنىپراق ئولتۇرۇشتى. ئۇدۇل تامدىكى ئەينەكلىك شكاپنىڭ ئىچىگە سەھرا بالىسى كۆرۈپ باقمىغان سۇپ سۈزۈك خىرۇستال لوڭقا، قەندەل، قاچا- قۇچىلار تىزىلغان ئىدى. ياندىكى تامدا بولسا تورۇسقا تاقاشقان بەلدەم- بەلدەم ياغاچ ئويۇقلاردا كىتابلار قاتار قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە، رۇسچە، تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە خىتايچە كىتابلارنىڭ نامى مۇقاۋىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا بولسا، دۇنيا خەرىتىسى پۈتۈن تامنى ئىگىلەپ كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بالىلار سىنچاي ئارىلىقىدا تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىچكەركى ئۆينىڭ قوش ئىشىكى ئېچىلىپ ئاققۇش كاستيۇم، بورۇلكا كىيىپ، گالىستۇك تاقىۋالغان بىر مويسىپىت كىشى چىقىپ كەلدى ۋە دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىگىلىپ تۇرۇپ «خوش، تەقسىر» دەپ يول بوشاتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن بېشىغا قىزىل دوپپا، ئۇچىسىغا سۇس يېشىل پەشمەت چاپان كىيگەن، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ۋېجىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى ۋە ئاۋۋال ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرغان بالىلارغا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قارىۋېتىپ، ئاندىن «خوش، سىلى ماڭسىلا»

دەپ ئىگىز، بەستلىك كىشىگە تەكەللۇپ قىلدى. ئۇلار مېڭىپ ئۈستەلنىڭ ئۆدۈلىغا كەلگەندە بالىلار ئىختىيارسىز ھالدا مۇھەممەتكە ئەگىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بەردى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغۇللىرىم، پەرزەنتىم مۇھەممەت مېھمانلىرىم بار دېۋىدى، كەچۈرۈڭلار، ئەپسۇس مېنىڭمۇ مېھمىنىم كېلىپ قالدى. بىز بىر يەرگە پەتىگە كېتىۋاتىمىز، سىلەر بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭلار، مەرھەمەت.- دېدى ئىگىز بويلۇق، كاستيۇم، بۆرۈلكىلىق مۇيسىپىت كىشى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ. بالىلار ئىگىلىپ تۇرۇپ سالام بىلەن خوشلاشتى. بۇ چاغدا مۇھەممەت ئالدىراپ بېرىپ ۋىجىك كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ھۆزۇر تىلەيمەن مەخسۇم دادا، خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم، ،- دېدى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ، ئىگىلىپ تۇرۇپ سۆيدى. ۋىجىك كىشىنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلدى. ئۇ بالىلارغا ۋە مۇھەممەتكە ئاستا نەزەر تاشلىۋېتىپ:

- پەرزەنتلىرىم، ئاللاھ تەئالا ھەممىڭلارنى پاك ئىماندىن، ساپ ۋىجداندىن، نۇرلۇق مەرىپەتتىن، ئەزىز مىللەتتىن يىراق قىلمىسۇن!، دېدى-دە ،ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ مۇھەممەتنىڭ دادىسى بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى.

- مۇھەممەت ئاغىنە، دادام تەقۋادار تىجارەتچى دەۋاتاتتىڭ، خۇددى ئالىملاردەك، ئىستانبۇلنىڭ ئەپەندىلىرىدەك قامەتلىك ئىكەنغۇ؟- دەپ سورىدى بالىلارنىڭ بىرى.

- شۇنداق ئاغىنىلەر دادام ئۆلىما، تىجارەتچى ، شۇنداقتىمۇ جامائەت

ئىشلىرىغا ئانچە- مۇنچە ئارىلىشىپ قويىدۇ. ئەھمەت ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، دادام باشچى بولۇپ، بىر توپ تىجارەتچىلەر، قاسساپلار پۇل توپلاپ، ئون نەچچە دانە ئالتۇن مىدال ياسىتىپ ، سوكتومبىتال شىركىتىنىڭ ئۆدۈلىدا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە ئالتۇن مىدال ئاسقان ئىدى.- مۇھەممەت دادىسىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى.- دادام ئەرەبچە، پارسچە تىللارغا ياخشى. ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە تارىخىي تېمىلاردا كىتاب كۆرۈپ سۆھبەتلىشىپ تۇرىدۇ. موسكۋا، شەمەي، مەككە، ئىستانبۇللاردىن كەلگەن گېزىت، ژۇرناللار بىلەن بىزنىمۇ تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ئېلىخان تۆرە، ئەھمەت ئەپەندى باشلىق بىر مۇنچە يېتەكچىلىرىمىز ئۈرۈمچىدە تۇرمىدىن چىقىپ، بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولغاندا مەنمۇ ئۇلارنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈپ، سۆھبەتلىرىگە داخىل بولغانمەن.

- مۇنداق دە ئاغىنە، داداڭزە، ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي كاپىتالىست ئالىمى ئىكەن دېگىنە .- بالىلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىل بولغان ھالدا مۇھەممەتكە قارىدى.

مۇھەممەت بىر ئاز ئۇنىڭغا ئىسرىغانداك بولۇپ سۆزىنى باشقا ياققا بۇرىدى:

- ئاغىنىلەر، دادامنى قويۇڭلار، ھازىر بىللە چىقىپ كەتكەن مۆتىۋەر زاتى ئالىينى تونۇدۇڭلارمۇ؟

- ھە راس، ھە راس، بىزمۇ شۇنى سورىماقچى ئىدۇق. بىر جۈملە سۆز بىلەن بىر كىتابقا سىغمىغۇدەك ھېكمەتلىك دۇئانى بىزگە ئاتىغان بۇ كىشى كىممۇ؟- قۇربان سوئال بىلەن مۇھەممەتكە قارىدى. بالىلار ھەممىسى

تىمتاس جىم بولدى.

- مۆھتەرەم ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بولىدۇ. يېتىشكەن ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ ئوغلى، كامالەتكە يەتكەن ئىسلام ئۆلىماسى، داڭقى چىققان ئۇيغۇر مىللەتچىسى. پاساھەتلىك شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ ئوتلۇق شېئىرلىرىنى يادلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇمىغىنىڭلار يامان بولدى. ئاغىنىلەر، ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقىنىدا يېڭى دېھلىدا مۇستەقىللىق نامايىشىغا قاتنىشىپ ئىنگلىز تۈرمىسىدە ياتقان. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تەشكىلات قۇرۇپ پائالىيەت قىلىپ خىتاينىڭ تۈرمىسىدىمۇ ئۇزۇن يىل ياتقان قايتماس ئىرادىلىك ئىنقىلابچىمىز . تېخى يېقىندا يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ كۆچلۈك تەلىپى، سەيپۇللايوف، ئىمىنوفلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت، خۇسۇسلار شىرىكچىلىكىدىكى تاشقى سودا شىركىتىگە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. مەن سىلەرگە ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ تۇران دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ مەخسۇم دادامنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلەلەيسىلەر. - مۆھەممەت ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ تۇران شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇغاندا باللار دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

......

ئەجدادىمىز ھەر زامان، تارىخىي زور قەھرىمان،
ئالىي ھىممەت ئارسلان، ئۆتكۈر ۋىجدان ئەمەسمۇ؟
شۇ مۆھتەرەم ئەجدادلەر ، ئوغۇز نەسلى ئەفراتلەر،
تۈرك ئەۋلادى ئازادلەر شەرەپلىك قان ئەمەسمۇ؟

بىز ھەم شۇلەر ئەۋلادى، بىلىپ تۇرۇپ بىز زادى،
ياشىمىساق ئازادى شۇملۇق باسقان ئەمەسمۇ؟
ئاسارەتتە باپلىنىپ، ھاقارەتتە ئايلىنىپ،
رىزالەتتە جايلىنىپ ياتار ھايۋان ئەمەسمۇ؟

.......

قۇربان قاتتىق ھاياجانلاندى، يالقۇنلۇق مىسرالاردىكى ئاتەشتەك ئوتلۇق مەزمۇنلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى دەبدەبىگە سالماقتا. مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، خەلقنىڭ ھۆررىيىتى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پاك ئىمانى بىلەن ياڭراۋاتقان لىرىك ھېس - تۇيغۇلار، سىياسىي چاقىرىقلار گويا ئۇنى باشقىدىن پەيدائىي بولۇشقا ئۈندىمەكتە ئىدى.

مول يېمەكلەر، تاتلىق سۆھبەتلەر بىلەن يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشقان مېھماندارچىلىق قۇرباننىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇردى.

مۇھەممەت بىر كۈنى قۇرباننى چەتكە تارتىپ:

- قۇربان ئاغىنە، دادامنىڭ مامۇت ئىسىملىك بىر ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۆزى سۇيدۇڭدىن چىققان ئىنقىلابچىلىرىمىزدىن، سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ بەرسەم، ئاقسۇغا چۈشكەن كوماندىرلاردىن بولسا، مەن بىر كۆرۈشسەم بوپتىكەن، دېگەن ئىدى. ئەتە ئۆيىگە چاقىرىپ قويدى. باشقا مېھمانلىرىمۇ بار ئوخشايدۇ. تەييار بوپ تۇرغىن، چۈشكە يېقىن ماڭىمىز.- دېدى.

قۇربان مامۇت كېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، تۆردە ئولتۇرغان مېھمانلارنى تونۇپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپقالدى. ئۇنىڭ پولك كوماندىرى سوپىيېۋ ئاقساقال تۆردە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ باتالىيون

كوماندىرى ئابدۇراھمانوۋ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ كۆز يېشى قىلدى. قۇربان خۇددى مېھرىبان دادىسىنى كۆرگەندەك سېغىنىش ھېسسىياتىدا يىغلاپ تاشلىدى. ئابدۇراھمانوۋ ئۇرۇشلاردا قانچە قېتىملاپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن قۇرباننى مېھمانلارغا تونۇشتۇردى. قۇربان شۇنداق قىلىپ جەڭلەردە بىللە بولغان، ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن ئىشەنچلىك كىشىلىرىنى تېپىۋالدى. ئۇ سۆھبەتلەر ۋە سىردىشىشلار داۋامىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئالدى بىلەن ئۇرۇمچىدە ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىدا مۇھىم رەھبىرى خىزمەتلەرنى ئۆتەۋاتقانلىقى، قالغىنى ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە مەسئۇل ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقانلىقى، ئارمىيىدىن قايتقان ئون نەچچە مىڭ ئەسكەر، ئوفىتسېرلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى پولات زاۋۇتى، كۆمۈر كانى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، قاتناش، تاشيول ئىدارىسى قاتارلىقلاردا كادىر، ئىشچى بولۇپ ئورۇنلاشقانلىقى قاتارلىقلاردىن خەۋەر تاپتى.

ئۇ ھەتتا، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خىتاي ئىستىلاچىلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ، قايتىدىن مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش مەقسىتىدە، ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە رەھبەر بولغان خېلى - خېلى چوڭ ئەمەلدارلار، ھەربىي باشلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا مەخپىي زەنجىرسىمان تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت مىش - مىش پاراڭلارنى ئاڭلاشقىمۇ ئۈلگۈردى.

قۇربان ئوقۇشنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتىش ھارپىسىدا ساۋاقداش دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى. يېقىن ئاغا - ئىنى بولۇشقان ئۇستاز دوستى مۇھەممەت بىلەن تالاي قېتىم يالغۇز سىرداشتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ

ئىستىقبالى ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە بىر - بىرىگە قەسەملەر ئىچىشتى.

مۇھەممەت ئەك ئاخىرقى قېتىم قۇربان بىلەن خوشلاشقاندا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

- جىنىم قېرىندىشىم، نەدە بولساق ئامان بولايلى. ئۇنۇتما، شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنىڭ بېغىدا چېچەك ئېچىلغاندا، مەن سېنى ئىزدەيمەن. شۇ چاغدا يۈزلىگەن ئەسكەرلىرىڭ يېنىڭدا جان پىدالىق بىلەن تەييار بولسۇن! - دېدى.

قۇربان كوماندىرى ئابدۇراھمانوف بىلەنمۇ بىر نەچچە قېتىم مەخپىي سۆھبەتلەشتى، پىلانلار قۇرۇشتى. ئۇ كوماندىرى بىلەن خوشلاشقىنىدا ئۇنىڭغا خۇددى ئەسكەرلەردەك تىك تۇرۇپ قەسەم بېرىپ، قولىنى چېككىسىگە قويۇپ سالام بەردى...

كىچىكىدىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئېتىزنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، مالنىڭ موينىنى تاراپ، كېپەكنىڭ يولىنى توسۇپ، ئالمىنىڭ شېخىنى قايرىپ، ئۆتكۈنچىلەرنىڭ سودىسىنى ئەپلەپ، مەشرەپ كۆرگەن قۇربان ئوقۇشتىن كېلىپلا يۇرتىغا تارتىشىپ، تەقسىماتتا خېلى ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ، تەقدىر ئۇنى ئاتا كەسپىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇ يامانتۇرغا پوچتا خادىمى بولۇپ تەيىنلىنىپ كەلدى. ياپيېشىل ھەيۋەتلىك كىيىم، يېشىل ۋېلىسىپىت، ھۆكۈمەت ئېتى ... ھەممىسى تۇنجى ئەۋلاد ھۆكۈمەت ئىشىغا تۇتۇنغان بۇ يىگىتنىڭ يۈز ئابرويىنى يەنە بىر پەللە كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ نام-ئاتاقتا ئالدىنقى قاتاردىكى باينىڭ قىزىغا ئۆيلەندى.

# ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ كۈيئوغلى

قۇربان ئىلى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىپ بەرگەن يېشىل ئىشتان-چاپان، قاسقان شەپكىسىنى كىيىپ، بىر كۈنى تور يورغىسىغا مىنىپ كوچىغا چىقسا، بىر كۈنى شەيتانچاق دەپ ئاتالغان يېشىل رەڭلىك ۋېلسىپتىگە مىنىپ مەھەللە ئايلىناتتى. ئاتقا مىنگەن كۈنى يېشىل خورجۇننى ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاپ بىر قانچە كىلومېتىر يەرگىچە سىمتاناپ تۇۋرۇكلىرىنى نازارەت قىلىپ قايتاتتى، ۋېلسىپىت مىنگەن كۈنلىرى بولسا ئۆي ئارىلاپ خەت-چەك، خالتىلارنى تارقىتاتتى.

بۇ تەۋەدە ئەڭ كۆپ خەت، خالتا كېلىدىغان ئۆي ئاقتۆپە مەھەللىسىدىكى موپسىپىت ئاقساقال ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەتتىن كۆڭلى سوۋۇپ خېلى بۇرۇنلا قېرىپ قالدىم دەپ مەھەللىگە قايتىپ كېلىۋالغان ئىدى. بۇ ئۆيدە قارىھاجىمنىڭ ئالتە مەھەللىگە داڭقى كەتكەن سومباتلىق گۈزەل قىزى زەينەپبۇۋى ياشايدىغانلىقىنى خەلقى ئالەم بىلەتتى. قارىھاجىم، قىزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى قوغداپ، ئۇنى مەكتەپكىمۇ ئەۋەتمەي ھەم دىندا، ھەم پەندە ئائىلىسىدە ئۆزى ئوقۇتۇۋاتقانلىقىدىن ھەممە ياشلار خەۋەردار ئىدى. لېكىن، بۇ ساھىبجامالنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ ھۆسنى جامالىنى كۆرگەنلەر يوق دېيەرلىك ئىدى.

قۇربان ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ ھەرەمدىن كەلگەن مۇبارەك خېتىنى ئېلىپ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگىنىدە، پېشىن ناماز ۋاقتى بولۇپ، ھاجىم مەسچىتكە نامازغا كەتكەچكە، ئىشىك ئالدىغا ياغلىقىدا يۈزىنى توسۇپ زەينەپبۇۋى چىقتى.

- سىڭلىم، بۇ خەت ئەرەبستاندىن كەلدى. قارىھاجىكام قول قويۇپ بېرىشى كېرەكتى. - دېدى قۇربان بويىنىنى سوزۇپ ئېگىشىپ قىزنىڭ دىدارىنى كۆرمەك بولۇپ.

- پەدەرىم نامازدا. ئالدىرىسىڭىز مەن ئىمزا قويۇپ بەرسەم بولامدۇ؟

- قىز تارتىنىپ سۆزلىدى. قۇربان ياق دېسە قائىدىگە توغرا بولاتتى. ئەمما زەينەپبۇۋىنى قاچۇرۇپ قوياتتى. شۇڭا ئۇ:

- بولىۋېرىدۇ سىڭلىم. ئىشقىلىپ دادىڭىزنىڭ نام شەرىپىنى يېزىپ قويسىڭىز. بىزگىمۇ گەپ كەلمەيدۇ.- دېدى- دە. قولىدىكى دەپتەرنى ۋە خەتنى قىزغا تەڭلىدى.

زەينەپبۇۋى ھېچ ھېيىقمايلا ياغلىقنى قايرىۋېتىپ دەپتەرگە قولىنى سوزدى. قۇربان دەپتەر - قەلەمنى تەڭلىدى. قىز ئالدى، ئىمزا قويدى... قۇربان داڭ قېتىپ قالدى. زەينەپبۇۋى قەلەمنى تەڭلىگەندە ھودۇققان قۇرباننىڭ ئىككى بارمىقى قەلەمگە ئەمەس، زەينەپبۇۋىنىڭ بارماقلىرىغا تەگدى. قىز يالت قىلىپ قۇربانغا قارىدى-دە:

- رەھمەت ئاكا. - دېگىنىچە كەينىگە داجىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئەمما، قىزنىڭ قىيا بېقىشى چاقماق تېزلىكىدە قۇرباننىڭ كۆزىدىن ۋۇجۇدىغا، ۋۇجۇدىدىن قەلبىگە تۇتاشتى. قۇربان قىز كۆردىمۇ، پەرىشتىمۇ، ئۇقمىدى، چۈشىمۇ بىلەلمىدى، ئەقلى جىسمىنى باشقۇرالمىدى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قەلىمىنى ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي، ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە مېڭىپ كەتتى. مېڭىپ كەتتىيۇ، نەگە ماڭغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. يول ئۈستىدىكى قوناقلىق ئېتىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ۋېلىسىپىتنى يولنىڭ قىرىغا

تاشلاپ قويۇپ، خۇددى شۇرقەدىر ئۇچرىغان زاھىدتەك ئاسمانغا قاراپ:

- ئاللاھ، مەن نېمە كۆردۇم، نېمە بولدۇم؟- دەپ ۋارقىرىغۇەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى.

ئاشىقلار دەرمىش، ئاللاھنىڭ ئىشقى بۇ. دەپ. دەرۋەقە ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. ئاشىقلار مەشۇقىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، دەيدۇ. ئەلۋەتتە ئاشىق قىلغانمۇ خۇدا. ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغانمۇ خۇدا. دەيدىكەن كونىلار.

قۇربان بىر كۆرۈپ ئاشىق بولدى. ئەمما، بۇ ئوتنى يۈرىكىگە تۇتاشتۇرغان رەببىنى ئۇنۇتمىدى. ئۇ زات ئەۋۋىلى ئاللاھ دېدى. ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلدى.

قۇربان سومكىسىدىكى خەت-چەكلەرنى ئالدىراپ تارقىتىپ بولۇپ، مەھەللىگە قايتىپ ئۇدۇل مەسچىتكە كەلدى. تاھارەت ئېلىپ نامازشامغا ھازىرلاندى. نامازشامنىڭ ئۈچ رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە ئىككى رەكئەت شۈكران نامىزى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئاللاھقا نالە قىلدى:

- ئەي بۈيۈك ئاللاھىم، پەرۋەردىگارىم، سەن بىرسەن. سەن يالغۇزسەن، سەن تەنھاسەن، ئەمما ياراتقان مەۋجۇدات، مەخلۇقات، ئادىمىزاتنى جۈپى بىلەن ياراتتىڭ، كۆپەيتىپ بۇ ئالەمگە تاراتتىڭ. بۇ ياشقىچە سەن ئۈچۈن ئىبادەت قىلدىم، غازات قىلدىم، پەرزلىرىڭنى ئادا قىلدىم. مېنىمۇ ھالال جۈپتىمگە مۇيەسسەر قىلغىن، يارەببىم ، ئامىن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلىپ، نەسلىمنى داۋام

ئەتمەككە نىسسىپ ئەيلە يارەببىم، ئامىن.

قۇربان دۇئادىن كېيىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغىنىچە، جەينىماز ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا «قەلەم» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە كۆڭلىگە تاسادىپىي بىر ئەقىل كەلدى.

قۇربان ئەتىسى ئەتىگەندە ئېتىنى توقۇپ، تېكەس تاشيولى تەرەپكە ئەمەس، ئۇدۇل ئاقتۆپە مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ تېزگىن سىيرىدى. مەھەللىگە كىرمەي تۇرۇپلا ئېگىز تۆپىلىكتىن ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ چوڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇربان ئاتتىن چۈشۈپ چىغىرتماق تۆپىلىكتە ئولتۇرۇپ يىراقتىن كۆزىتىپ تۇردى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئىسمائىل قارىھاجىم ئېتىنى يېتىلەپ چىقىپ، دەرۋازا يېنىدىكى سۇپىغا دەسسەپ ئېگەرگە ئولتۇردى- دە، ئاتنىڭ بېقىنىنى تېپىپ، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى.

قۇربان ئالدىراپ ئېتىغا مىندى ۋە تۇپتوغرا ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. قۇربان ئىشىكنىڭ تۆمۈرىگە قولىنى سوزغىچە زەينەپبۇۋى ئۇدۇلدىكى پىشايۋانلىق ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.

- ئەسسالام، قەلىمىڭىزنى ئۇنتۇپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىغان ئوخشىمامسىز، قۇربانكا؟ - زەينەپبۇۋى بۇ قېتىم ھېچ تارتىنمايلا كۈلۈمسىرەپ، قولىدىكى قەلەمنى سۇنۇپ قۇرباننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى.

زەينەپبۇۋىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى قۇرباننى مەستخۇش قىلدى، ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى، قىيادەك قاشلىرى، سۇپسۇزۇك مەڭزى، بۇلاقتەك ئويناپ

تۇرغان بىر جۈپ كۆزى، ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان، بىر ئېغىز چاقچاقنىمۇ قاچۇرمايدىغان قۇرباننى گاچىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تەستە تۇتتۇۋېلىپ:

- شۇنى دېمەمسىز، سىڭلىم، بۇ قەلەم كىچىكچە بەك ئەلەم قىلدى. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. شۇڭا ئەتىگەندىلا قەلەمنى ئىزدەپ... - قۇرباننىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، قىزنىڭ يۈزى قىزاردى، قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇ قەلەمنى بىرپىلا كەينىگە داجىدى. قۇربان:

- سىڭلىم زەينەپبۈۋى، بىر نوگاي سۇ ئەپچىقىۋېتەمسىز؟ ئىچىم ئۆتتەك يېنىپ... - دېدى قىزنىڭ كەينىدىن تەلمۈرۈپ.

زەينەپبۈۋى ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىچە چىقمىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭ ئانىسى پاتمەئايىم بىر نوگاي سۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئايىم ھەدە،- قۇربان خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قۇربان ئوغلۇم، سۇ ئىچ،- پاتمە ئايىم نوگاينى قۇربانغا تۇتقۇزۇپ، ئۇ سۇنى ئىچىپ بولغىچە ئۇنىڭ بوي- تۇرقىغا، چىراي- چېھرىگە، ھەتتا كىيىم- كېچەكلىرىگە سىنچى كۆزى بىلەن ئالدىرىماي قاراپ چىقتى- دە:

- ئوغلۇم، بەك ئالدىراش ئوخشىمامسەن، ئەتىگەندىلا ئىشكتىن يېنىۋاتىسەن. ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىپ ماڭمامسەن؟- دېدى.

- رەھمەت ئايىم ھەدە، رەھمەت.- قۇربان ھودۇققىنىچە كەينىگە داجىپ ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى.

«ھەر كاللىدا بىر خىيال، چارىسىزدا مىڭ خىيال» دېگەندەك، پاتىمە ئايىم بويىغا يېتىپ قالغان قىزىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆز خىيالىدا خۇددى قۇرباندەك نەسلى مەرتىۋىلىك، ئاتا- ئانىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر، قول ئىلكىدە بار، جامائەت ئالدىدا يۈزى بار، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئادىل، ھۆسنى- بەستى كېلىشكەن بىر يىگىتنى كۈيئوغۇللۇققا ئارزۇ قىلىپ قانچە قېتىملاپ نامىزىدا دۇئا قىلغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىگەنلىرىنى ئىشىك ئالدىغا ئەكىلىپ بەردى. مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ خەتمە قۇرئاندىن كېيىنكى سۆھبەتلىرىدە، توي- تۆكۈنلەردىكى پىچىرلاشلىرىدا، شۇنىڭدەك قولۇم-قوشنىلارنىڭ چايدىن كېيىنكى ئۇششاق پاراڭلىرىنىڭ سۆز ئارىسىدا قۇرباننىڭ مەرگەنلىكلىرى، ئەسكەرگە كەتكەنلىكى، قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ كېلىپ پوچتا كادىرى بولغانلىرى قاتارلىقلار سۆزلىنىپ قالاتتى.

تۈنۈگۈن قىزى ئەرەبىستاندىن كەلگەن خەتنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىدە، سەزگۈر ئانا ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، خەتنى ئانىسىغا بېرىپلا ئىتتىك دېرىزە يېنىغا كېلىپ، ۋېلسىپىتىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان قۇربانغا قارىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە يەنە كەلگۈسى كۈيئوغۇل كۆلەڭگۈسى چۈشكەن ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە بولسا، پاتىمەئايىم چاي ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەرۋازا تەرەپتىن ئاتىنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىدى- دە، دېرىزە يېنىغا كەلدى. دەل شۇ پەيتتە، دالان ئۆيىدىن قىزىنىڭ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قولىدىكى قەلەمنى قۇربانغا تەڭلەپ تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھاياجان، ھودۇقۇش ئىچىدە يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن. يۈرىكى دۇپۇلدەپ

تۇرغان قىزنىڭ كىرىپلا نوگايغا قولىنى ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پاتىمە ئايىم، نارەسىدە قىزنىڭ كۆڭلىنى بىلدى. ساددا ۋە نادان قىزنىڭ ئالدىراپ قىلغان بىر ئېغىز سۆزى ياكى مەقسەتسىز كۆرسەتكەن بىر ئىشارىتى ياكى ھەرىكىتىنىڭ بىر خاتاغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى، ئالدىراقسانلىق بىلەن شەرىئەتكە خىلاپ ھالدا شەيدالىق يولىغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئانا، قىزنىڭ يولىنى كەستى. نوگاينى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى ۋە سۇنى ئۆزى ئېلىپ چىقىپ، يىگىتنى تەپسىلىي كۆزەتتى ۋە قۇربانغا ئىجازەت بىشارىتى بەردى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ چوڭلارنىڭ باش قوشۇشى بىلەن يولىغا كىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوڭقۇر مەنالىق قىلىپ:

- ئوغلۇم، ئاتا- ئانىڭىزغا سالام ئېيتىڭ، خانىمىزگە مەرھەمەت قىلسۇن،- دەپ تاپىلىدى.

پاتىمە ئايىم ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، خىجالەت بىلەن يەرگە قاراپ ئولتۇرغان قىزىغا قاراپ:

- قىزىم، نېمە ئويلاۋاتقىنىڭ ماڭا ئەينەكتەك ئايان. سەن يۇرت ئاقساقىلىنىڭ- ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ قىزى. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز شەرىئەتنىڭ ھۆكمى، ئەل- يۇرتنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرى، ئاخىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىيىتى بىلەن بولىدۇ. باشقىسى سۆز- چۆچەككە سەۋەب بولىدۇ. مەن قۇرباننىڭ ئاتا- ئانىسىنى خانىمىزگە تەكلىپ قىلىپ قويدۇم،- دېدى كۈلۈمسىرەپ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە، ئىسمائىل قارىھاجىمغا غۇلجىدا ئېچىلىدىغان ھۆكۈمەت مەسلىھەت يىغىنىغا چاقىرىلغان تەكلىپنامە كەلدى. قۇربان ھۆكۈمەت لىپاپىسىغا سېلىنغان بۇ خەتنى ئېلىپ ئالدىراپ ئاقتۆپىگە كەلدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئولتۇرغان ئىسمائىل قارىھاجىم قۇربانىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئىسمائىل قارىھاجىمنىڭ مېھمانخانىسى تولىمۇ ھەيۋەتلىك، رۇس پاسونىدا زىننەتلەنگەن ئىدى. خورۇم كرىسلو، يەرگە سېلىنغان ئىران نۇسخىسى ئانارگۈل گىلەم، كەشتىلەنگەن پەردىلەر، شىرە ئەتراپىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقلار، شىرەگە تىزىلغان نازۇ- نېمەتلەر، ھەممىسى بەئەينى ئۈرۈمچىدىكى سەپدىشى مۇھەممەتنىڭ ئۆيىنى ئەسلىتەتتى. شىرەنىڭ يېنىدىكى تامغا ئەھمەت ئەپەندى ۋە غەنى باتۇرلارنىڭ ئىسمائىل قارىھاجىم بىلەن بىللە چۈشكەن رەسىمى رامكىغا ئېلىپ ئېسىلغان ئىدى. ھاجىم قۇربان بىلەن ئازادە سۆھبەتلەشتى. ئۈرۈمچىدە كۆرگەن بىلگەنلىرىنى سورىدى.

قۇربان داسقان ئۈستىدە بىر تەرەپتىن ئىسمايىل قارىھاجىمنىڭ قىممەتلىك مېھمىنى سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىۋاتقانلىقىدىن ئۆمىدلىنىپ خۇشاللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ياكى قايسى مەزمۇندا گەپ باشلاشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئۇ تۆردىكى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان، ئىسمايىل قارىھاجىم بىلەن غەنى باتۇرنىڭ بىللە چۈشكەن رەسىمگە تەكرار - تەكرار قاراۋەرگەندىن كېيىن، ئىسمايىل قارىھاجىم سۆزنى ئاشۇ رەسىمدىن باشلىدى:

- ھە، بىز بۇ رەسىمگە ئۈرۈمچىدە چۈشكەن ئىدۇق. ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىزدە خىزمەت قىلىۋاتقان غەنى باتۇر باشچىلىقىدىكى 10 نەچچىمىزنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپتۇ. بارغاندىن كېيىن خەلق ئىشلىرىدا قوشقان تۆھپىلىرىمىز ئۈچۈن، شاڭخەي قاتارلىق خىتاي شەھەرلىرىگە ئېكىسكۇرسىيىگە بارىدىغانلىقىمىزنى، ئەگەر كۆنەلىسەك، ساياھەت ئەھۋالىغا قاراپ 4-3 ئايغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

مەن ۋەزىيەتنى ئوبدانراق ئۆگىنىپ بېقىش مەقسىتىدە، ئۈرۈمچىدە بۇرۇن ھەجگە بىللە بارغان ھەمراھلىرىم بىلەن كۆرۈشتۈم. ساۋاقدىشىم ئابدۇلئەزىز مەخسۇم مېنى يۇرت ئاقساقىلى روزىھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇرېھىم روزىنىڭ ئۆيىگە پەتىگە ئېلىپ باردى. ئۇ يەرلەردە سەمىمىي سۆھبەتلەردە بولدۇق. ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى كارامەت ئوچۇق ئىكەن. ئۇلار يۇرتىمىزنى ئىشغال قىلغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سىياسىي مۇددىئالىرىنى، ئۇيغۇر ئىسلام ئۆلىمالىرىغا، ئۇيغۇر مىللەتچى زىيالىيلىرىغا، شۇنىڭدەك گومىنداڭغا ئىشلىگەن كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۇلار، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۇسۇپ قاتارلىق بىر مۇنچە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىجازەت بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەنلىكى، مەسئۇت سابىرى، ھاجى ياقۇپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەرنىڭ چېگرىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر ئەكسىلئىنقىلابچى، زومىگەر، پومىشچىك دېگەندەك قالپاقلار بىلەن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالغان ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلغان، نامدار ئادەملىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقى، بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيىنىڭ ماھىيەتتە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر يېتەكچىلىرىنى، دانىشمەنلىرىنى يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، يوقىتىش سۇيىقەستىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن سالامەتلىكىم يار بەرمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ يۇرتقا قايتىپ كەلدىم. غەنى بىلەن شۇ چاغدا بۇ خاتىرە رەسىمگە چۈشكەن ئىدۇق.

سۆھبەتنىڭ غەنى باتۇردىن باشلانغانلىقى قۇربانىنى خېلى يېنىكلەشتۈردى، ئۇ ئازادلىق ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بىر يىل ئاۋۋال، غەنى باتۇرنىڭ بىر كېچىدە يامانتۇرغا كېلىپ دادىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى،

شۇ كېچىسى دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، غەنى باتۇرغا قوشۇلۇپ ئوقاتقا ئۆتۈپ، چىغلىق مازاردىكى ئورمانغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىككى ئۆيۈر يىلقىنى ھەيدەپ، چاپچالدىكى چېگراغا ئېلىپ بارغانلىقىنى، غەنى باتۇرنىڭ سوۋېت تەرەپتىن كەلگەنلەرگە ئاتلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئىككى تاغارغا يۆگەلگەن مىلتىقلارنى ئاتقا ئارتىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، دادىسى بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىغانلىقىنى ماختىنىپ سۆزلەپ بەردى. ھەمدە ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارغان چاغدا ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئاكا بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ھەۋەس بىلەن ئېيتىپ بەردى.

ئىسمايىل قارىھاجىم قۇرباندىن ئۈرۈمچىدىكى ئەمەل تۇتىۋاتقان سەپداشلىرىنى بىر - بىرلەپ سورىدى. سۆھبەت ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى تېمىسىغا يۆتكەلگەندە، قۇربان ئۈرۈمچىدىكى ئاغىنىسى مۇھەممەتنىڭ قىياپىتىدە، ئۇيلىغانلىرىنى قىلچە يوشۇرماي كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى كەلگۈسى قېينىئاتىسى، يۇرت مۆتىۋەرى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىدا بىرلىكسەپ خىزمىتىدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئۆلىما ئىسمايىل قارىھاجىمغا سۆزلەپ كەتتى:

- ئېلىخان تۆرەم، ئەھمەت ئەپەندىلەر رۇسلارغا بەك ئىشىنىپ كەتتى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇت ئەپەندىلەر گومىنداڭغا بەك ئىشىنىپ كەتتى، ئەمدى بىرمۇنچىلىرى كوممۇنىست خىتايغا ئىشىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەينى چاغدا ھىندىستاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھىندىستاننى قوشقاندا ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ قورشاۋىدا قالغان بىزدەك نوپۇسى ئاز، مەزلۇم مىللەت ئۈچۈن تارىختىن بويان تاشقى سەۋەبلەر چوڭ رول ئويناپ كەلدى. ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، پاكىستاننىڭ مۇستەقىللىقى شۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدىكى، بىز ئۇيغۇرلار تارىخىي سەلتەنەتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز

ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئېتىراپ قىلىنىشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيىدەك كۈچلۈك مەملىكەتلەرنىڭ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، دۇنيادىكى بۇ كۈرەشتە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى خەلقى بىزنىڭ يېقىن قېرىندىشىمىز. يەنە كېلىپ كوممۇنىستلارنىڭ، رۇسلارنىڭ، خىتايلارنىڭ زالىم ھاكىمىيەتلىرى زاۋاللىققا يولۇقۇشى كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا جامائىتىنىڭ كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىچكى جەھەتتە بولسا، خەلقىمىزنى ئۆز دىني ئېتىقادى، تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن تەربىيەلەش كېرەك. خىتاي باسمىچىلىرى يۈز ئەللىك يىلدىن بۇيان قالدۇرۇپ كەتكەن ساۋاتسىزلىق، قاششاقلىق، ئىناقسىزلىق ئادەتلىرىنى يوقىتىشىمىز، دىني، پەننىي مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، يوشۇرۇن ھالدا، بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تەشكىللىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشقا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك...- قۇربان ھاياجان بىلەن سۆزلەۋېتىپ، ئىسمايىل قارىھاجىمنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا سۆزىنى توختاتتى.

ئىسمايىل قارىھاجىم قۇرباننىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ:

- ئوغلۇم، سىلەردەك بىلىملىك، ئەقىللىق ياشلىرىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىز خاتىرجەم بولىمىز. ئاللاھ تائالاھ خەلقىمىزنى ئازادلىقى، ھۆررىيىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن- ئامىن .- دەپ دۇئا قىلدى.

بۇ سۆھبەت ئىسمايىل قارىھاجىمنىڭ كەلگۈسى كۈيئوغلىدىن ئالغان ئاخىرقى ئىمتىھانى بولۇپ قالدى.

قۇربان خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، ھويلا دەرۋازىسى يېنىدا گۈللەرنى ئوتاۋاتقان زەينەپبۇۋى بىلەن سالاملاشتى. ئۇ ھودۇققان ھالدا زەينەپبۇۋىگە:

- باغنىڭ ئارقا تېمىدا سىزنى ساقلايمەن،- دەپ پىچىرلىدى.

باياتىدىن بېرى يىگىت- قىزنىڭ بىر - بىرىگە تەلپۈنگەن ۋىسال ئىنتىلىشىنى ئۆرپ- ئادەت پەردىسى توسۇپ تۇرغان بولسا، مانا ئەمدى چۆرىدەپ سوقۇلغان سوقما تام توسۇپ تۇرماقتا. ئىسمائىل ھاجىمنىڭ قورۇسىنى چۆرىدەپ سوقۇلغان ئاتىنىڭ ئېگىزلىكىدىكى سوقما تام مېۋىلىك باغنى قورۇپ تۇراتتى. مانا بۇگۈن بۇ تام، قۇرباننىڭ ئوتلۇق سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلغان تەسىرلىك سۆزلىرىگە، زەينەپ بۇۋىنىڭ «ئاتا- ئانامدىن رۇخسەتسىز ھېچنىمە دېيەلمەيمەن» دېگەن رازىلىق سۆزىگە گۇۋاھ بولدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەلچى كەلدى، نىكاھ ئوقۇلدى، ھەشەمەتلىك توي بولدى. تويغا غۇلجىدىن، ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىن يۈزلەرچە مېھمان كەلدى. خەلقنىڭ ئاغزىدا داستان بولغان غەنى باتۇر يىگىرمىدەك پالۋانلىرى بىلەن بىللە ئاتلىق كېلىپ زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۈچ كۈنگىچە تاي، موزاي، قوزىلار سويۇلدى، قىمىز تارتىلدى، ئوغلاق تاشلاندى.

شۇنداق قىلىپ، قۇربان بىلەن زەينەپبۇۋى ھەشەمەت بىلەن ئۆمۈرلۈك ئۆيىدە باش قوشتى.

ئىسمائىل ھاجىمنىڭ كۈيئوغلى بولغان قۇرباننىڭ ھۆرمەت ئابرويى

پۈتۈن ئەتراپقا تارقالدى. مەھەللە، جامائەت ئارىسىدا بولسا ھەممە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان، ھەممىدە ئۇنىڭ دېگىنى ھېسابقا ئېلىنىدىغان بولدى. تاتلاشتۇرۇپ ئوقۇيدىغان خەنزۇچە خەت ساۋاتى ئۇنى ھۆكۈمەت بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلاندۇرغان بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە مەھەللىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۇنىڭسىز پۈتمەيدىغان بولدى. ناھىيىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار ھېچ بولمىغاندا تەرجىمانلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەيتتى. كۈندىلىك خىزمەت ئالدىراشچىلىقى ئۇنى ئېتىز-ئېرىق، باغ-ۋاران، مال-چارۋىدىن ئايرىدى. ئايلىق مائاش ئۇدۇللۇق ئويۇن-تاماشاغا كېتىپ، ئۇنى بارغانچە مەرت-سېخى قىلىۋەتتى.

## يېڭى مەسچىت ۋە يېڭى ئۆي

ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق توققۇزتارا، موڭغۇلكۈرە ۋە تېكەس ناھىيىلىرى چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان جايلار بولغاچقا، يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيە دېگەندەك سىياسەتلەر بۇ يەرلەرگە كېچىكىپ كەلدى. دېھقانلار، مالچىلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلغان تېرىلغۇ يەرلىرى، چارۋا ماللىرى ۋە باغ - ۋارانلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدى.

يەر ئىسلاھاتىنىڭ شاماللىرى مانا ئەمدى يامانتۇر يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ تەشۋىشلەنگەن ساۋۇت مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلاپ بولۇپ، مېھراپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ جامائەتنى ساقلىغاچ خىيال قىلىشقا

باشلىدى. مەھەللە مەسچىتى 60 يىل ئىلگىرىكى جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ئاددىيغىنە لەمپىلىك بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، 15 - 20 ئادەم سىغاتتى. ھېيت نامازلىرىدا دالان سۇپىسى قوشۇلۇپ ئاران 30 - 40 كىشى ناماز ئوقىيالايتتى. ساۋۇت مەزىننىڭ خىيالىدىن «بۇ ھۆكۈمەت ھەركىمنىڭ ئارتۇق يەرلىرىنى، پومىشچىك، باي دېھقان دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ قورقۇتۇپ تارتىۋېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ كوڭگىچە چوڭراق بىر مەسچىت سېلىۋالمىدۇق. ئەجىبا، چوڭ بېغىمنىڭ بىر قىسمىنى ۋەخپە قىلىۋېتىپ بىر مەسچىت سېلىۋالساق قانداق بولار؟» دېگەنلەر كەچتى.

ئەتىگەنلىك ناشتىداساۋۇت مەزىن بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئېچىۋاتقان خوتۇن، بالىلىرىغا، توغرىسى قۇربانغا بۇ ئىشنى مەسلىھەت قىلدى.

- توغرا ئويلاپلا دادىسى، تېخىمۇ توغرىسى ئوغلىمىز قۇربان بىلەن كېلىنىمىز زەينەپبۇۋى مانا ئىككى بالىلىق بولۇپ قالدى، ئۈچىنچى نەۋرىمىزدىنمۇ خەۋەر كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بولارنىڭمۇ ئۆيىنى ئايرىپ قويۇش ۋاقتى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنىڭ يىغا، جېدەللىرى سېلىنىمۇ تۈزۈك ئۇخلاتمايۋاتىدۇ. بامداتتىن ئاۋۋال تۇرۇپ كەتكەنچە ئۇخلىيالمايۋاتىلا. شۇڭا بالىلارمۇ بىرەر قۇر قورا جاي قىلىۋالسا. مەسچىتكىمۇ يەر ئايرىساق دېمەكچىدىم.- قۇرباننىڭ ئانىسى شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ كېلىنىگە قاراپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. ساۋۇت مەزىن ھېچ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن مۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى خوتۇنىدىن ئاڭلاپ قايىل بولغىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ قۇربانغا مەنىلىك تىكىلدى ۋە:

- قۇربان، ئوغلۇم سەن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن، مەن جامائەت ئىشى

بىلەن، خوتۇن، باللارنىڭ غېمىنى ئويلاپمۇ قويماپتۇق، سەن نېمە دەيسەن بۇ مەسلىھەتلەرگە.- دېدى. قۇربان دادىسىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:

- ھۆكۈمەتنىڭ راستىنلا پەيلى يامان، دادا. جېلىلىيۈزى، نىلقا تەرەپلەردە 5 مودىن ئارتۇق يېرى بارلارنى تىزىملاپ تەركىپ ئايرىۋېتىپتۇ. جەنۇب تەرەپلەردە بولسا، بىر مۇنچە ئۇيغۇرنى پومىشچىك دەپ يەرلىرىنى، قورا، جايلىرىنى تارتىۋېلىپ بۇزۇق ئۆنسۈر قىلىپ قويۇپتۇ. بەزىلىرىنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. مەنمۇ ئاغىنىلەر بىلەن ئويلىشىپ، ئەجدادىمىزدىن تارتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان زېمىنىمىزنى خىتايلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر پىلان تۈزەپ باققان ئىدىم. سىلەرگە ئېيتىشقا ئەپسىز كۆرۈپ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. بۇگۈن پەيتى ئوخشايدۇ، دەپ باقاي، بىزنىڭ قورۇ - جاي، بېغىمىز 8 مو كېلىدۇ. بۇنىڭ يېرىمى قورۇ بىلەن قوشۇلۇپ سەندە قىلىۋەرسۇن. كۆن پېتىش تەرەپتىكى 4 مو يەرنىڭ يېرىمىنى ۋەقپە قىلىپ مەسچىت سالايلى، قالغان يېرىمىغا مەن ...- قۇربان سۆزىنىڭ داۋامىنى قىلىشتىن تەپ تارتىپ توختاپ قالدى.

ساۋۇت مەزىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەسچىتتە، قۇربانىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ياشلار ئارىسىدا مەسچىت سېلىش پىلانلىرى تۈزۈلدى. ئەتراپتىكى مەسچىتلەرگىمۇ خەۋەر بېرىلدى.

قىشچە تاغقا ئۇۋغا چىققان ياشلار ئېتىغا بىردىن - ئىككىدىن لىم ياغاچ سۆرىتىپ ئەكىلىپ باغنىڭ ئارقىسىغا دۆۋىلىۋەتتى. ياغاچچى ئۇستا قوشنا مەھەللىدىكى ياغاچچىلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، شاگىرتلار بىلەن قوشۇلۇپ ئىشىك، دەرىزە، كېشەك، بوسۇغا، شكاپ، ساندۇق، نەقىشلىق

مېھراپلارنى ياساشنى باشلىۋەتتى. كىگىزچىلەر كىگىز، تىكىمەتلەرنى باستى، بورىچىلار بورا توقىدى. ئەتراپتىكى مەھەللە جامائەتلىرى ياغاچ - تاش، ئات - ئۇلاغ، يۇك، بۇغداي دېگەندەكلەرنى ئىئانە قىلدى.

بىرلا ۋاقىتتا قۇربانمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيى ئۈچۈن ئايرىم تەييارلىقنى باشلىدى. ئەتىيازدا مەھەللىنىڭ ياشلىرى تام سوقۇشقا، كومۇلاچ كېسەك بىلەن سوقما تامنى ئىگىزلىتىشكە. ئۇستىگە لىم ياغاچ، بادىرلارنى تىزىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، نورۇز بايرىمى كۈنى - مۇقەددەس بىر كۈندە يېڭى مەسچىتتە ئەزان توۋلاندى. قۇرباننىڭ يېڭى ئۆيىدە نورۇز چېيى بېرىلدى.

قۇربان ئەتىيازدا ئۆيىنى ئايرىۋالدىيۇ، ئاجايىپ بىر قىسمەت ئۇلارنىڭ بېغىنىمۇ ئايرىۋەتتى. شۇ يىلى كۈزدە يامانتۇردىن توققۇزتاراغا بارىدىغان ۋە ئاقتۆپىگە كەلگەندە تىكەس، موگىغۇلكۈرەگە ئايرىلىدىغان تاشيولنىڭ يېڭى يولى دەل ساۋۇت مەزىنىنىڭ چوڭ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلدى. تاشيول باغنى ئىككىگە بۆلۈپ، قۇرباننىڭ ئۆيىنى دادىسىنىڭ ئۆيىدىن راستىنلا ئايرىۋەتتى.

بىر كۈنى كالىنى سېغىپ بولۇپ، موزايىنى پادىغا قوشۇۋەتكەن زەينەپبۇۋى، پىشانىسىدىكى تەرنى پەرتۇقىغا ئېيتىۋېتىپ، چېلەكنى سۇپىغا قويۇپ، ئېتىنىڭ يايلىسىنى بارماقلىرى بىلەن تاراۋاتقان قۇربانغا قاراپ:

- ھەي دادىسى، بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىۋېتەيمىكىن دەيمەن. - دېدى.

-نېمە دەيسەنۇي، بالا تېخى بىر ياشقىمۇ كىرمىسە، بىچارىنى قىيناپ نېمە قىلىسەن ؟- قۇربان ھەيران بولۇپ خوتۇنىغا قارىدى. زەينەپبۇۋى

- بىر ئايدىن بېرى كۆڭلۈم ئېلىشىپ، يەنە شۇ قىزىل گۈل پۇرىقىم كېلىپلا تۇرۇۋاتىدۇ. - دېدى خىجالەت ئارىلاش يەرگە قاراپ.

- ئاللاھ، ئاللاھ، مۇبارەك بولسۇن خوتۇن. - قۇربان ھەم خۇشاللىق، ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە چاقچاق ئارىلاش سۆزلىدى. - ھاي دېمىسە، مىتىس سىيىردەك تۇغۇۋېرىدىغان بولدۇڭغۇ خوتۇن.

## ئېغىر ئاپەت، ئاچچىق ئاقىۋەت

كونىلار «سەندە تۇرماس بۇ ئامەت، مەندە تۇرماس بۇ مەينەت» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. ئەلنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت قۇرباننىڭ ئىلكىدىكى ئامەتنىمۇ ئېقىتىپ كەتتى.

قۇرباننىڭ ئۆزى ھۆكۈمەتنىڭ پوچتا ئىدارىسىگە تەۋە بولغىنى بىلەن، ئائىلىسى، يەر - زېمىنى ئەترەتتە بولغاچقا ئىدارىدىن كېلىدىغان سىياسىي ئالۋاڭلار بىلەن تەڭ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كېلىدىغان ئىقتىسادى ھاشالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلىنەتتى. خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش شامىلىدا قۇرباننىڭ تىرىلغۇ يەرلىرى كوممۇنانىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ھەممە ئائىلىنىڭ سېغىن كالىسى، مىنىدىغان ئاتلىرى كوللىكتىپنىڭ مۈلكى قاتارىدا يىغىۋېلىندى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش بورىنىدا بىر ئائىلىدىن بىر ئەمگەك كۈچى تۆمۈر تاۋلاشقا چىقىدىغان بولغاچقا، قۇربان ئىدارىسى بىلەن كېلىشىپ، خوتۇنىنى 4 بالىسى بىلەن ئۆيدە قالدۇرۇپ، تاققا تاش تەرگىلى چىقىپ كەتتى. تاغنىڭ قاپتىلىدا دومناپىچ دەپ ئاتىلىدىغان ئىگىز مەش ياساپ، ئوتۇن، كۆمۈر قالاپ تاش ئېرىتىشتەك

ئەخمىقانە ھەرىكەت، پۈتۈن يېزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى بىھۇدە زايا قىلىپلا قالماستىن، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، يەرنى ئاق تاشلاپ قويۇپ، ھوسۇلنى يوققا چىقىرىۋاتاتتى. ئامباردىكى ئۇرۇقلۇق، زاپاس بۇغداي، قوناقلار ھەربىي ئاپتوموبىللاردا ئالدىراش سىرتقا توشۇلۇۋاتاتتى. ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى دۆلەت غەللە - پاراق ئاشلىقى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى دېگەنلەرمۇ يۆتكەپ كېتىلىۋاتاتتى. قۇربان ھۆكۈمەتنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنى تاققا تاش كولاشقا چىقىرىۋېتىپ، خىتاي كادىرلارنى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئالدىراشلىق بىلەن ئاشلىق، يەم - خەشەك، ئات، كالا، قوي قاتارلىق ماللارنىمۇ ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

قۇربانىنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر ئاش ۋە ئوتۇننىڭ غېمىدە قىشنى ئاران چىقىرىۋالدى. ئەتىيازدا ئۇرۇقلۇق يوق، ئېتىزلار يەنە ئاق قالدى. ھەرخىل ۋەھىمىلىك گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. گېزىت خەۋەرلىرىنى ئوقۇپ تەھلىل قىلىدىغان ياشلار، «ماۋزېدوڭ ستالىن بىلەن چىقىشالماپتۇ، ئورۇسلار پۈتۈن ياردىمىنى توختىتىپ، قەرزنى سۈيلەشكە باشلاپتۇ. شۇڭا ھۆكۈمەت بار - يوقىنى رۇسلارغا بېرىپ قەرزنى تۆلىمەكچى بوپتۇ. بۇنى ئاز دەپ خىتاينىڭ ئۆلكىلىرىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ، پۈتۈن خەلقى ئاچ قاپتۇ. شۇلارنى باقمىساق بولمىغىدەك» دېگەندەك پاراڭلارنى قىلىشقا باشلىدى.

ئاپەتنىڭ بىشارىتىنى سەزگەن دېھقانلار چوڭلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، بىر ئاماللار قىلىپ ئۇرۇقلۇق تويلاپ، ئاز تولا تېرىقچىلىق قىلىۋالدى. شەخسى قالدۇرۇق يەرلىرىگە كۆكتات تېرىۋالدى. قۇربان ئات بوغۇزىدىن ئېشىپ قالغان قوناقلارنى باغقا تېرىۋالدى. تىجەپ قويغان ئازغىنە پۇلىغا ئۇرۇق سېتىۋېلىپ، سەۋزە، ياڭيۇ، پىياز دېگەندەك قىشلىق كۆكتاتلارنى

تېرىدى. ھاۋا - جاھان ئىسسىشى بىلەن ئىدارىدىن قۇربانىنى يەنە تۆمۈر تاۋلاش ھاشاسىغا ھەيدەپ ماڭدى.

ئەتىياز پەسلى ھاۋانىڭ جۇدۇنى ئۆرلەيدىغان مەزگىلدە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ نەچچە كۈنگىچە توختىمىدى، قۇربانلارنىڭ تاغ جىلغىسىنى كولاپ ياسىۋالغان كەپە ئۆيى يامغۇردا ئېقىپ كەتتى. ھۆلچىلىك ئىچىدە قالغان ھاشارچىلار يامغۇر توختىغاندا قايتا يېغىلىدىغانىغا كېلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. نەچچە تاغ بەلدىمىدىن ھالقىپ، يېرىم كۈن پىيادە ماڭغان قۇربان قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە كېلىۋالدى. يامغۇ شۇ ياققانچە ھەپتىگىچە توختىمىدى، ئاخىرقى كۈنى تاڭ مەزگىلىدە، يەر جاھاننى تىترىتىپ چاقماق چېقىپ، قىيان كەلدى. تاغ ئىچى ساي - سايدىن لىم ياغاچلارنى دومىلىتىپ ئېقىپ كەلگەن كەلكۈن سۈيى ئېتىزلارنى لاي لاتقىغا توشقۇزۇۋەتتى، كونىراق ئۆيلەرنى، ئېغىل - قوتانلارنى ئۆرۈپ ئېلىپ كەتتى. قۇربانىنىڭ تېرىغان كۆكتاتلىرىنىڭ بىرىنى قويماي ۋەيران قىلىۋەتكەن كەلكۈن . قوتاننى، ئوت - چۆپ، ئوتۇن - ياغاچلارنى، ھەتتا قوتاندىكى ۋېلىسىپىتىنىمۇ ئېقىتىپ دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئىدى. بىر كۈن كەچكىچە ئاققان كەلكۈن سۈيى پۈتۈن مەھەللىنى گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك سۈرلۈك بىر ھالەتكە ئەكىلىپ قويدى. كىشىلەر نەچچە كۈنگىچە ئۆيىدىن چىقالمىدى. ھۆكۈمەت، كوممونا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دېگەنلەرمۇ يولۇقۇپ قويمىدى.

قۇربان مەھەللىدىكىلەرنى ئايلاپ ئەھۋال سورىغاچ، يول بويىدىكى سىمتاناپ تۆۋرۈكلىرىنىڭ ئېقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. تۆۋرۈكلەرنى ئاسراش ئۇنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئىدى. پوچتا ئىدارىسىغا تەۋە تورۇق ئاتتىن باشقا ھېچنىمە قالمىغان ئىدى. يوللار راۋانلىشىپ، كىشىلەر ئۆيلىرىنى

ئوڭشاپ، قازان ئاسقچە ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئايدا يۇقىرىدىن ئۇنىڭغا ماۋاشىنمۇ يەتكۈزۈپ بەرمىدى. ئۇ ئامالسىز باغلىرىنى تۇزەشكە كىرىشتى. ئۇ ئىش سىلىكىپ، قولى بوشىغاندا، دەۋاغا كىرىپ قۇرۇق قول يېنىپ چىقتى.

قۇربان تىكەستىكى پوچتا ئىدارىسى مەركىزىگە ماۋاشىنى ئالغىلى بارغىنىدا كۆتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلدى.

يېڭىدىن يۆتكەپ چىققان ئۇرۇق-توغقانلىرىنى قىسقارتىش شامىلىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئوبيېكتى تاپالماي تۇرغان خىتاي باشلىق قۇرباننى قۇربانلىق قىلغانىدى.

- تۇۋرۇك قېنى؟ سىم قېنى؟ ئوت-چۆپ قېنى؟ ۋېلسىپىت قېنى؟ قۇربان خىتاي باشلىقنىڭ سورلۇك ئاۋازىدىن قورقۇپ يەرگە قاردى.

- بۈگۈندىن ئېتىبارەن خىزمەتتىن توختىتىلدىڭ. ئاتنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ، چېكىنىش سومما پۇلۇڭنى ئېلىۋال!- بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالدى.

## تاسادىپى پىشكەللىك

«ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك قۇرباننى يەنە پالاكەت باستى.

1962 - يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. قۇربان مەھەللە مەسچىتىدە پېشىننى ئوقۇپ بولۇپ، مەسچىت ئالدىدىكى سۇپىدا جامائەت

بىلەن پاراكەندىلىشىپ ئولتۇراتتى. تاش يولدىن رولىنى ئۇرۇپ مەھەللىگە كىرگەن يوك ئاپتوموبىلى ئۇدۇل مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دە.ئىشكىنى ئېچىپ سەكرەپ چۈشكەن دوغىلاق يىگىت بېشىدىكى خۇرۇم شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئاپتوموبىل ئىشكىنى قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ يېپىۋېتىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگىنىچە سالام بېرىپ جامائەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

- كۈڭكاڭنى نېمانچە سىلكىنىشلەيسەنۇي خالىق. ئۆيۈڭدىن يامانلاپ چىققان ئوخشىمامسەن؟ - قۇربان سالامنى ئىلىك ئېلىپلا ئالدىراپ چاقچىقىنى باشلىدى كەلگەن يىگىتكە قولىنى سوزۇپ.

- پېشىنىنى بىر تىنچ-ئامان ئوقۇۋالايچۇ، جاھاننىڭ تىنچ ۋاقتىدا.- شوپۇر يىگىت خالىققا چاقچاق خۇشياقمىدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن، ھالى پەرىشان كۆرۈنەتتى. قۇربان، ھەر قېتىم خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلسە قاھ - قاھلاپ كۈلگىنىچە چاقچىقىنى ئاپتوماتتىن سىيرىگەن ئوقتەك قويۇۋېتىدىغان خالىقنىڭ خاپىغان ئەلپازىدىن بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىنى سەزگەندەك، جىم بولدىيۇ، ئەمما كۆزلىرىنى ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئۈزمەي، تاكى ئۇ تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە كىرىپ كەتكىچە گەپ قىلماي قاراپ تۇردى.

كۆكدالادا تۇغۇلغان خالىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى غۇلجىدىكى ئايرودرومدا بالا رېمونتچى بولۇپ ئىشلىگەن. غۇلجا ئازاد قىلىنغاندا ئارمىيىدە قۇربان بىلەن بىللە تاكى ئاقسۇغىچە بېرىپ جەڭلەردە، سەپەرلەردە سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ غۇلجىغا كوممۇنىستلار كەلگەندىن كېيىن، ئاپتوموبىل رېمونت ئۈستىسى،

كېيىنرەك پوچتا ئىدارىسىدە يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرى بولۇپ ئىشلىمەكتە. خالىق بىلەن قۇربان ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىپ مۇڭدىشالايدىغان، جاھاننىڭ ئىگىز - پەس خەۋەرلىرىدىن پىچىرلىشالايدىغان شۇنداقلا يۇرتىنى بېسىۋالغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنى يامانلاپ قورقماي شىكايەت قىلىشالايدىغان قەدىناسلاردىن ئىدى.

- ئىش چاتاق ئاغىنە.- خالىق نامازدىن چىقىپلا سۇپىدا ئولتۇرغان قۇربانغا قاراپ سۆزىنى باشلىدى.- ئورۇسلار چېگرىنى ئېچىۋەتتى، ھەپتە بولدى شەدە تۇرۇك ئادەم قالمىدى. ھەممىسى قورا-جايىنى تاشلاپ قورغاسقا ماڭغىلى تۇردى. قېيناتام بىزنىمۇ ئالدىرىتىۋاتىدۇ، ئۆي بىساتنى، قاتتىق - قۇرۇق مال مۈلكنى تىكەستىكى ئاكاملارنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويۇش ئۈچۈن ماشىنىغا بېسىپ كېتىۋاتىمەن.

- «شەھەرنى شەرمەندىگە تاشلاپ قېچىپتۇ» دېگەندەك، ھەممىڭ كەتسەڭ، ئاران ئالغان شە خىتايغا ئۆچە قالامدۇ ئاغىنە. سەن نېمىگە ئالدىرايسەن، كۆككۆز ئاكاڭ سوۋۇتۇپ قويمىغاندۇ ئۇيەردە؟ - قۇرباننىڭ چىرايى ئۆڭدى.

- ھەي قۇربان، ئارمىيمىزنى ماناستا توسۇپ قويغان. بىزنى ئاقسۇدا قورالسىزلاندۇرۇپ قايتۇرۇۋەتكەن پالانىيوف، پوستانىيوفلار ھەممىسى دېگۈدەك نەچچە يىللاردىن بېرى سايوزغا كېتىپ بولدى. ئەمدى مانا خەلق قوزغالدى، بەلكى شۇ تەرەپلەردە ئاززۇ- ئارمانلىرىمىز چېچەكلەپ قالار .- خالىق ھەم چارىسىز ھەم ئارىسالدا بولۇپ شۇنداق دېدى-دە، قۇربانغا ئىشارەت قىلىپ ئاپتوموبىلنىڭ يېنىغا ماڭدى.

خالىق ئاپتوموبىلنىڭ ئىشكىنى قىيا ئېچىپ، ئارقىسىدىن كەلگەن

قۇربانغا ئاستا پىچىرلىدى.

- ئاغىنە خىتاينىڭ پەيلى بەكلا يامان، سىياسەت بارغانسېرى چىڭىۋاتىدۇ. مەيدىسىگە ئۇرغان ئوغۇل باللار بىر - بىرلەپ يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. خىتاي ئۇرۇمچى، قەشقەرلەردە سەن بىلەن بىزگە ئوخشاش ئۇرۇشتا خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەنلەردىن ھېساب ئېلىشقا باشلىدى دېگەن گەپلەر كېلىۋاتىدۇ. 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيە دېگەنلىرىمۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا قالدى. سەنمۇ سەھراغا چىقىۋېلىپ ئارام ئالدىڭ، «تۈگە كۆردۈڭمۇ- ياق» دېسەڭ قۇتۇلىسەن. يامنى كەلسە يېقىلساڭ ئەل - جامائىتىڭنىڭ ئىتىكىگە چۈشىسەن. بالا- ۋاقاڭ ئاچ- توق قالمايدۇ. بىزدەك ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىغا باغلىنىپ قالغانلارنىڭ بوينى قىلدا باغلاغلىق، ئۆزەڭ بىلىسەن...

- بوپتۇ ئاغىنە، بارساڭ غېنى باتۇرنى تاپقىن، ئۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ كۈيوغلى، يامانتۇردىكى ساۋۇت مەزىننىڭ ئوغلى قۇرباننىڭ ئاغىنىسىمەن دېگىن، مېنى ياخشى بىلىدۇ. ئازادلىق ئۇرۇشىدىن بىر يىل ئاۋۋال، بىر كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ ئىككى ئۇيۇر يىلقىسىنى چاپچالدىكى چېگرىغا بىللە ھەيدىشىپ ئاپىرىپ بەرگەن ئىدىم. شۇ ئىشنى دەپ بەرسەڭ ئىشىنىدۇ. خەير، ئالاھقا ئامانەت. ئاغىنىدارچىلىق ھەققىڭگە رازى بولغىن.- قۇربان بىر مۇنچە مەخپىي سۆزلىرىنى تاپىلاپ، مەيۈسلەنگەن ھالدا خالىقنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ خوشلاشتى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي، يامانتۇرغا خىتاي ئەسكەرلىرى كېلىپ كىمنى توختىتىپ يولنى توسۇۋالدى. غۇلجىدىن قايتىپ چىققان سالچى باللار، يېقىندا غۇلجىدا خەلق قوزغىلىپ نامايىش قىلغانلىقى، خىتاي ئەسكەرلەر ئوق

چىقىرىپ بىر مۇنچە ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ، تۇتقۇن قىلغانلىقى، قورغاستىكى چېگرىنىڭ تاقالغانلىقى قاتارلىق بىر تالاي تەشۋىشلىك خەۋەرلەرنى ئېلىپ چىقتى. يەنە بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندە، كوممۇنا ساقچىسى ناھىيىدىن كەلگەن ئىككى ساقچىنى باشلاپ يامانتۇرغا كېلىپ قۇرباننىڭ قوروسىنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىدى- دە:

- قۇربان، چاپسان بۇياققا چىق! - دەپ ۋارقىرىدى.

قۇربان كۆينەكچان ھالدا پۇتىغا كالاشنى سەپكىنىچە ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە سالام - سائەتسىز قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرغان ساقچىلاردىن ھەيران بولۇپ سورىدى:

-نېمە بولدى، نېمە ئىشىڭلار بار؟

- تولا گەپ قىلماي ، كىيىمىڭنى كىيىپ ، ئېتىڭنى توقۇ! قولغا ئېلىندىڭ، چاپسان بول، يولغا چىقمىز! - ۋارقىرىغان كوممۇنا ساقچىسى ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ بېقىنىدىكى تاپانچىسىنى تۇتۇپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ساقچى قۇربانىنى ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنگۈزۈپ، ئالدىغا سېلىپ ناھىيىگە ئېلىپ كەتتى. قۇرباننىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى بالىسى دەرۋازا ئالدىدا يىغلىغىنىچە يولغا تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى.

توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ بازىرى كىچىك بولغىنى بىلەن، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى گومىنداڭ دەۋرىدىن قالغان تۈرمىسى، سۈرلۈك ئىگىز تاملىرى ۋە ھەيۋەتلىك قاراڭغۇ قىياپىتى بىلەن شەرقى بەش ناھىيە بويىچە داڭلىق ئىدى. بىر چاغلاردا، غېنى باتۇرمۇ قامالغان بۇ تۈرمە سىپىلىنىڭ بۇرجىكىگە سېلىنغان گۆزەتگاھ ناھىيە بويىچە ئەڭ

ئېگىز قورۇلۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. ساقچىلار قۇرباننى يالاپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، ئۇنىڭ سۆڭىكە قېچىش دېلوسىغا چېتىشلىق دەپ قولغا ئېلىنغانلىقى ھەمدە ئۆز مەھەللىسىدىكىلەر تەرىپىدىن پاش قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئىما قىلىپ پىچىرلاشقىمۇ ئۈلگەردى.

ساقچىلار قۇرباننى نامازشام مەزگىلىدە يالاپ كېلىپ تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ كامېرىغا سولىۋەتتى. تۈرمە ئىچى ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىغا توشۇپ كەتكەن ئىدى. سوئال- سوراقسىز ھەپتىلەر ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا مەلۇم بولدىكى، بۇ يەرگە سولانغانلار سۆڭەكە قېچىپ تۇتۇلۇپ قالغانلار، قېچىشقا جابدۇپ ئۈلگۈرمەي قالغانلار، قاچقان تۇغقانلىرىنى يولغا سېلىپ قويغانلار، شۇنىڭدەك قاچقانلارنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەمدە قۇربانغا ئوخشاش، قاچقانلارنىڭ پىچىرلاشقان دوستلىرى قاتارلىقلار ئىدى. « قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى» دېگەندەك گۇناھسىز بۇ كىشىلەر، خۇددى گۇناھكارلاردەك خورلۇقلارغا ئۇچرىماقتا ئىدى. ئۇلار قورقۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا سوراقچى خىتايلارغا يىلىنىپ يالۋۇراتتى. يىغلاپ تۆۋە قىلاتتى، بالدۇرراق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، نېمە دېسە ھەئە دەپ قول قويىۋېرەتتى. بىچارە خەلقنىڭ بۇ خىل ئېچىنىشلىق ھالىدىن ئىچى زەرداپ بولغان قۇربان تۈنجى قېتىملىق سوراقتىلا باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدائۆزىنى تونۇتۇپ قويدى.

سوراقخانا ئىچىدە، ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بېشىغا ئۆڭكۈپ پۇرلىشىپ كەتكەن سېرىق لاتا شەپكە كىيىۋالغان، پاچىقىغا ئۇزۇن ساغۇچ لاتىنى يۆگىۋالغان، خام قاپىقىدىن كۆزى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان 20 ياشلار چامىسىدىكى خىتايىنىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭ ئەسكەرلىكتىن يېڭىلا ئالماشقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تەرجىمان ئۇيغۇرغا ئالدىراش

بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ، ئالدىدا ئۆرە تۇرغان قۇربانىنى ئىشارەت قىلىپ قولىنى سىلكىدى. قۇربان سوئال نەزىرىدە تەرجىمان يىگىتكە قارىدى.

- ئاكا، مەن پازىل يولداشوف بولىمەن. غۇلجىدا ئۇقۇشنى تۈگىتىپ بۇ يەرگە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلىنغان ئىدىم. ھازىرچە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدا تەرجىمانلىق قىلىۋاتىمەن. بۇ سوتچى كىشى دەيدۇكى،- تەرجىمان يىگىت ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئوغلىمەن دېگەندىن بىشارەت بېرىپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى،- ئاساسى قاتلامدىن كەلگەن ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا ھەمدە كوممۇنا رەھبەرلىرىنىڭ يوللىغان دوكلاتلىرىغا قارىغاندا، سەن خالىق باشچىلىقىدىكى چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە باشتىن - ئاخىر يېتەكچىلىك قىپسەن! پارتىيىمىزنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرى ئۇچۇق، نەق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا، سوۋېت رېۋىزىيونىزمچىلىرىنىڭ غالچىلىرىغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، دۇنيا سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز. ئۇ يەنە، جىنايىتىڭنى تونۇپ، ۋاقتىدا ئىقرارقىلساڭ، جازايىڭ يېنىكلەيدۇ دەيدۇ.- پازىل سۆزىنى تۈگىتىپ سوراقچى خىتايغا قارىدى. سوراقچى خىتاي قولىدىكى قەغەزلىرىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، يەنە قۇربانغا تىكىلدى-دە، ئاغزىنى ئاچتى. تەرجىمان بىرمۇ - بىر تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى:

- ئىسمىڭ نېمە؟

- ئىسمىمنى بىلمەي تۇرۇپ، نېمىشقا تۇتۇپ كەلدىڭ بۇ يەرگە؟

- نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

- 15 كۈندىن بېرى تۈرمىدە ناھەق يېتىۋاتىمەن.

- سەن تومپاي دېھقان نېمىگە كۆرەڭلەپ چوڭ سۆزلەيسەن، مەن سەندەكلەرگە پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان تونۇتۇپ قويغاندا ئاندىن زۇۋانىغا كېلىدىغان ئوخشىمامسەن؟!

قۇربان پاكا بويلۇق بۇ جۇۋەك خىتاينىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان كىتابى سۆزلەرگە پىسەن قىلماستىن ، تەرجىمان يىگىتكە قاراپ سۆزلىدى:

- ئۇكام، بۇ ئاۋاق ھارىمىغا دېگىنە، مەن بۇ ئەبگا تالقان خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇس 13 - دېۋىزىيىسىدە ۋىزۋوت كوماندىرى بولغان، ئۈرۈمچىدە كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان، دۆلەت كادىرى بولغان ئادەممەن. سۆۋېتكە قاچىمەن دېسەم، ماڭا سامانلىقنىڭ يولى. غۇلجىغا، قورغاسقا بېرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتىم. ئەنە ئاۋۇ يامانتۇردىكى سەنسەنبەلنىڭ غەربىدە، ھازىر چاپچالغا قوشۇۋالغان يەرلەر بىزنىڭ يامانتۇرغا تەۋە يەرلەر بولىدىغان. قانچە قېتىملاپ قاراتامدىن 731 - نومۇرلۇق ئۇران كانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، چېگرا بويىدىن، قېچىپ كەتكەن يىلقا، ئۆكۈزلەرنى تۇتۇپ كەلگەنمەن. نېمىنىڭ جىنايەت، نېمىنىڭ ئادالەت ئىكەنلىكىنى سۆزلىمىسىمۇ ئوبدان بىلىمەن!

خىتاي سوراقچى تەرجىماندىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بىر پۇتىنى ئورۇندۇققا ئېلىپ، ئۈستەلنى مۇشتلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

- بىز كەڭ ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا، پاكىتقا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىمىز.

سىنىڭ كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر پارتىيىمىزگە ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز. ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، بۇ جاھىل نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرنى!

شۇنداق قىلىپ قۇربان ھېچقانداق سوئال - سوراقسىزلا يەنە بىر ئاي يېتىپ كەتتى.

••••••••••••••••••••

توققۇزتارا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، سىياسىي قانۇن ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇراھماننىڭ ئىشخانىسىدا چەت ئەلگە قېچىش دېلوسىغا ئائىت دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىلماقتا ئىدى. قانۇن ساھەسىدىكى ھەر قايسى بۆلۈم باشلىقلىرى ئىشلەنگەن خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرمەكتە. ئېغىر بېسىق مىجەزى بىلەن سۆزلۈك كۆرۈنىدىغان، 50 ياشلار چامىسىدىكى مۇئاۋىن سېكرېتار ئابدۇراھمان بىر ياقتىن ئاڭلاپ، بىر ياقتىن خاتىرە يېزىۋاتاتتى.

- ناھىيىمىزدىن سوۋېت رېۋىزىئونىزمچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلار 216 نەپەر، تۇتۇلغانلار 46 نەپەر، ئىز- دېرىكى يوقلار 35 نەپەر، باشقا چېتىشلىق گۇرۇھ ئەزالىرى 76 نەپەر. سولاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بىرىنچى سوراقتىلا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئىقرارنامە خاتىرىسىگە قول قويدى. پەقەت يامانتۇردىن تۇتۇپ كېلىنگەن قۇربان ساۋۇت دېگەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئىقرار قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، سوتچىمىزنىڭ سورىقىنى رەت قىپتۇ.- سوت بۆلۈم باشلىقى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئابدۇراھمان قولىدىكى قەلەمنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۇنى توختاتتى- دە، سورىدى:

- ئۇ قانچە ياشلاردا ئىكەن؟

- 30 نىڭ ئۈستىدە.

- نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

- پوچتا ئىدارىسىدىن ھايدالغان. يامانتۇردا كىچىك ئەترەتتە دېھقان ئىكەن. تېخى مەن ئارمىيەدە كوماندىر بولغان. ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان دەپ سوراقچىمىزنى كۆزگە ئىلماي ھاقارەتلەپتۇ.

ئابدۇراھمان ئۇستەلدىكى خاتىرە دەپتىرگە قارىغىنىچە، يېزىشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى ھەمدە خىيال ئىكرانىدا، ئاقسۇغا ئاتلىنىدىغان قىسىملارنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ يامانتۇردا قونغاندا تىكەس، توققۇزتارادىن مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشىدىغان تاغ يولىنى ياخشى بىلىدىغان يول باشلىغۇچى ئىزدەپ يامانتۇردىن 4 بالىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئون سەككىزگە كىردىم دەپ چىڭ تۇرىۋېلىپ ئەسكەر بولغان قاۋۇل، بەستلىك قۇربان پەيدا بولدى. ھەتتا ئۈرۈمچىدە ئۇچراشقىنىدا ئۇنىڭغا دۆلەت كادىرى بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئەقىدىنى ئۇنۇتماسلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرىيىتى ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاقىتتا تەييار تۇرۇش ھەققىدە تەلىم بەرگەنلىكىنى، قۇرباننىڭ «ۋەتىنىم، مىللىتىم ئۈچۈن ھەر دائىم تەييارمەن كوماندىرىم» دەپ قەسەم ئىچكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئابدۇراھمان سېكرېتار قۇربان ئاقسۇدا ئەسكەر بولغاندا باتالىيون كوماندىرى بولۇپ، قۇرباننى ۋزىۋوت كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرگەن ئىدى. قۇربان ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا بولسا، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا ئابدۇراھمان سوت بۆلۈم باشلىقىنى چاقىردى ۋە قۇربان ساۋۇتنىڭ دىلو ماتېرىياللىرىنى ئۆزىگە ئەكىرىپ بېرىشنى تاپشۇردى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، قۇربان تۈرمە ئىشخانىسىغا چاقىرىلدى. گۇندىپاي ئۇنى ئىشىك ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ ئىشخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سوت بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىدا تۈرمە باشلىقىغا سۆزلەۋاتاتتى:

- قۇربان ھازىر قويۇپ بېرىلىدۇ. پاش قىلىش ماتېرىيالى ئەترەتتىكى بەش خىل ئۇنسۇرلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ھازىرلانغان ئىكەن. قۇربان ئەسلىدە سۆۋېتكە قاچقان ئاغىنىسىنى توسۇغان ئىكەن. يەنە كېلىپ قۇربان بىلەن قاچقۇن خالىق ئىككىسى ئارمىيىمىزدىكى ۋاقتىدا مۇئاۋىن سېكرېتار ئابدۇراھماننىڭ قول ئاستىدىكى جەڭچىلىرى ئىكەن. بۇ دىلونى ئابدۇراھمان سېكرېتار ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى. مانا رەسمىيەت ھۆججەتلىرى...

شۇ كۈنى ساقچىلار قۇرباننى ئېلىپ كىرى قانداق ئېلىپ كەلگەن بولسا، خۇددى شۇنداق شەكىلدە يامانتۇرغا قايتۇرۇپ كەلدى ھەمدە ئەترەت باشلىقىغا:

- قۇربان قويۇۋېتىلدى. ئاۋۋالقى دېھقانچىلىقىنى قىلىۋەرسە بولىدۇ، - دېدى-دە كېتىپ قالدى. سېكرېتار ئابدۇراھماننىڭ كوممۇنا، چوڭ ئەترەت ۋە كىچىك ئەترەت باشلىقلىرىغا تاپىلاپ قويۇش ئۈچۈن ئېيتقان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ بىرسىمۇ يەتكۈزۈلمىدى.

## خىيانەتنىڭ ھېسابى

ياخشى ئادەملەر خارلانمايدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئەل-يۇرت خۇش

بولدى. خەلق ئۆزىنىڭ ئابرويلۇق كىشىلىرىنى مەيلى ئۇ بىر پىشكەللىككە يولۇقسۇن، باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنسۇن، ھەتتا تۈرمىگە كىرىپ كەتسۇن، يەنىلا ھىمايە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.

قۇربان قايتىپ كېلىپ ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىغا تەيىنلەندى. دېھقانلار بارىنى ئوغرى ئالسا، قالغىنىنى قاقتى-سوقتى قىلىپ ئېلىۋالىدىغان بوغالتىردىن جاق تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، چوتنىڭ ئۇرۇقىنى چۆرۈپ، داكومىنت كۆرسىتەلەيدىغان كىشىنىڭ يوقلۇقىدىن ئامالسىز تۇرغان شارائىتتا، قۇرباننى يوقسۇزچىلىقتىن قوتۇلدۇرىدىغان نىجات دەپ تونۇپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىدى. يارامىلىق ئەر ئەلنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئۇ پارىغا يول بەرمىدى. خىيانەتنى توسىدى. ئۇنىڭدىن پەقەت يۇسۇپ اخشىنىڭ دادىسى موللاخۇن باخشىلا نارازى ئىدى.

- بۇ بەدبەخ، ئۇرۇمچىدە ئوقۇپلا خىتاينىڭ پوقىنى يەپ، ئىمانىنى بۇلغاپ كەلگەن. كېلىپلا دىيانەتنى ئۇنتۇدى، نامەھرەم ئىشلارنى قىلدى، ئوغلۇم يۇسۇپكە ئېلىپ بېرىدىغان قىز بىلەن باغدا-تاغدا مۆكۈدىشىپ ئۇنى بۇزدى، تارتىۋالدى. شۇ چاغدىلا ئۇنى، «ئىلاھىم،ئۇنى روناق تاپقۇزمىغايسەن» دەپ قاغىۋەتكەنىدىم. ئەنە خۇدا بالايىئاپەتنى بەردى. ھۆكۈمەتمۇ ئۇنى قوغلىۋەتتى. بۇ دورەم ... ھەي ... - موللاخۇن باخشى ھەرۋاق نامازدىن چىقىپلا مەسچىت ئالدىدا خوشلىشىپ تۇرغان جامائەتكە شۇنداق دەيتتى ۋە يەنە ئۇنى قاغايتتى. بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان ئاداۋەت تۇسىنى ئالغان ئىشلار نۇرغۇن ئىدى. يۇسۇپ خۇداكۆي بولغىنى ھەمدە چالا ساۋات بولسىمۇ، ئاغزىدىن ھەدىسنى چۇشۇرمەي، ئەمەلدە خىلاپلىق قىلىدىغان بولغىنى ئۇچۈن، جامائەت ئۇنىمۇ باخشى لەقىمى بىلەن چاقىرىشاتتى. ئۇ قۇرباندىن تۆت ياش چوڭ ئىدى.

قايسى بىر يىلى ئۇلار بىر قېتىملىق ئوغلاقتا سۆز تالىشىپ قالدى. يىگىتلەر چاپچىپ، سىلكىنىپ تۇرغان شاش ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۆزەڭگىسىنى دەسسەپ، تاشلىنىدىغان ئوغلاقنى كۈتۈپ چاقچاقلىشىۋاتاتتى.

- مەن دادامغا ئايتالكورسىنى 300 قېتىم ئوقۇتۇپ، دېمىدە قىلدۇرۇپ ئېتىمغا ئىچكۈزۈۋەتتىم. قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ كارامەتنىڭ خاسىيىتىنى ھېلى كۆرىسىلەر، - يۈسۈپ باخشى ئۆزىنىڭ جەرەن قاشقىسىغا ئىشىنىپ پو ئاتتى.

- تىلىڭنى تارت تەلۋە، ئاللاھنىڭ ئايىتىنى ھايۋانغا ئوقۇدى دېگەننى ھېچكىم ئاڭلىمىغان. ئېيتە قېنى، ئوغلاق ئالالمىساڭ قانداق قىلىسەن؟

- چوقۇم ئالىمەن.

- ئالالمىساڭچۇ؟

- ئالالمىسام، جەرەن قاشقىنى بوغۇزلاپ تاشلايمەن.

- ھەي ئىمانسىز، ئاتنى بوغۇزلامسەن؟ دېمىدىسى كار قىلمىغان داداڭنىمۇ؟- قۇربانىنىڭ زەردە چاقچىقىنى ئاڭلىغان يىگىتلەر قانغىچە كۈلۈشتى.

ئوغلاق باشلاندى. قۇربانىنىڭ قىزىل يورغىسى تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ھە دېگەندىلا ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىپ ھېچكىمگە بەرمەي ئەكىلىپ تاشلىدى.

يىگىتلەرنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە ئاچچىق چاقچاقلىرى يۈسۈپ باخشىنى يەرگە قاراتتى. ئۇ ئىزا-ئاھانەتكە چىدىماي، جەرەن قاشقىنىڭ گېلىگە پىچاق سالدى. كەچتە ئۇتتۇز ئوغۇلغا نارىن تارتىلدى. جەرەن قاشقىنىڭ

ئەلىمى يۇسۇپتىن كۆرە، دادىسى موللاخۇن باخشىغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى.

قۇربان بوغالتىرلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، يۇسۇپ ئىسكىلاتچى ئىدى. قۇرباننىڭ قولىدا ھوسۇلسىز يەرلەرنىڭ ھېساباتى، قەرزدارلارنىڭ ھۆججەتلىرى، ئالۋاڭ-ياساق چىقىملىرى، باج-سېلىق جەدۋەللىرىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئىلىم-بىرىم ھۆججەتلىرىنىمۇ ئاختۇرۇپ ھەيران قالدى. مەھەللىدىكى ئەڭ ئىشچان، ئەمگەك كۈچى كۆپ دېھقانلارمۇ قەرزگە بوغۇلۇپتۇ. يۇسۇپ باخشىنىڭ مىشچان ئىنىلىرى، توغقانلىرى بىرىمۇ قەرزدار بولماپتۇ- ھە؟ بۇ قىزىق ئىش. قۇربان كېيىن بىر نەچچە يىلەندىن. يۇسۇپنىڭ ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقنى توغقانلىرىغا ھېساباتسىز بېرىدىغانلىقىنى. بەزىلىرى ھەتتا قارالغۇ بازاردا ئۇغرىلىقچە ئاشلىق ساتىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى، ئەمما ئىشەنمىدى. دۆلەتنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى ناھايىتى قاتتىق، ئۈچ قالدۇرۇشقا قالغان ئاشلىق چەكلىك. يەنە كېلىپ كادىرلار كۆزدە خاماندا نەق مەيداندا تۇرۇپ ئۈچ قالدۇرۇشنى ئەترەت ئاشلىق ئامبىرىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، قالغىنىنى دۆلەت ئىسكىلاتىغا ئېلىپ كەتكەن تۇرسا، ھەر بىر دېھقاننىڭ نورمىسى بەلگىلىك. ھەي، ئۇ ئوغرىلىقنى يەپ كېتىۋاتامدۇ-يە؟ ياق. ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئەتىيازدا بىرىمۇ - بىر ھېساب بېرىدۇ. ئۇنى يەپ كەتسە يەرگە نېمە تېرىيمىز؟ قانداقلا بولمىسۇن، بىر تەكشۈرۈپ باقاي جۇمۇ.

قۇربان كاسسىر ۋە ئىسكىلاتچىغا ھېسابات تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. رەسمىيەتلەر مۇكەممەل، ھېسابات ئېنىق، ئامباردىكى ئاشلىق نورمال ئىدى. كاۋاك چىقمىدى، بىراق گۇمان كۆچەيدى.

شۇ كۈنلەردە ئەترەت قوغداش ھەيئىتى، قۇرباننىڭ ئاغىنىسى ياسىن

قاشتىن ئۆتۈپ، بىر مىشكاپ بوغدايىنى ھارۋىغا بېسىپ قايتىپ كېتىۋاتقان بىر تۆگىلىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ باجىسىنىڭ ئۆيىدىن چىققان ئىدى.

- يالغان ئېيتساڭ، ئېشەك بىلەن ھارۋاڭنىمۇ مۇسادىرە قىلىمىز. - بۇ گەپ تۆگىلىنى زۇۋانغا كەلتۈردى. ئۇ راستىنى ئېيتتى. ئاشلىق يۈسۈپنىڭ باجىسىنىڭ شەخسىي ئاشلىقى بولسىمۇ، ئۇنى سېتىش سىياسەتكە خىلاپ ئىدى. دېمەك، ئۇنى بىر سوراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. قۇربان زىققمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئەپچىل چارىدىن بىرنى ئويلاپ تاپتى.

تۇتىدىغان ئادەم، ئالىدىغان نەپ، سالىدىغان داۋراڭ تاپالماي تېمىسقىلاپ يۈرگەن كوممۇنا ساقچىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئەترەتكە يېتىپ كېلىپ يۈسۈپنىڭ باجىسىنى سوراق قىلدى.

- ئاشلىقنى نەدىن ئالدىڭ؟

- ئامباردىن، ئۆزۈمنىڭ نورمىسىدىن.

- قاچان؟

- ئۈچ كۈن ئىلگىرى.

- يازا قولۇڭنى قوي.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈچ كۈن ئەمەس، بىر ئايدىن بېرى ئامباردىن ئاشلىق ئالمىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ يوچۇق ھەممە ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتتى. قاپقارا، قورقۇنچلۇق ماۋزۇر تاپانچا ۋە سۈرلۈك كويزا ئۇنى خېلى ئەقىلگە كەلتۈردى. مەلۇم بولۇشچە، يۈسۈپ يالغۇز باجىسىغىلا ئۈچ مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىقنى ھېسابقا كىرگۈزمەي بېرىۋەتكەن.

يۇسۇپنى ساقچى كومموناغا ئېلىپ كەتتى. خىيانەت قىلىنغان ئاشلىق ئون مىڭ جىڭغا يەتتى. ئۇ زاڭ مال تاپشۇردى. ئاخىرى مەسىلىنى ئېنىق تاپشۇرغىنى ۋە پوزىتسىيىسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن قولغا ئېلىنماي بوزۇق ئۇنسۇر قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ، ئەترەتكە ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇلدى. قوربان بۇ ئون مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ ئىسكىلاتقا قانداقچە ئارتۇق كىرىپ قالغىنىغا ھەيران بولاتتى. ناھىيە، كوممۇنىدىن كەلگەن كادىرلار گىرىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرغان ئەمەسمىدى؟ ناھىيىلىك سوت بۇ مەسىلىلەرنى ئېنىقلىمايلا ھۆكۈم چىقىرىۋەتكەنىدى.

يۇسۇپنىڭ، ھەممە بىساتىدىن ئايرىلىپ، قۇرۇق- قاقشال بولۇپ قالغان خوتۇنى «پايدىنى خەق كۆرۈپ، دەردىنى بىز تارتاتتۇقمۇ؟» دەپ ھەسەت ئاچچىقىدا بۇ سىرنى پاش قىلىۋەتتى.

يەرلىك ھۆكۈمەت دېھقانغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭلاشقا بارلىق ئەترەتلەرگە ئۇمىدىن كېيىنلا ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلاردىن تەركىپ تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتەتتى. گۇرۇپپىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى نۇقتىدا، نەق مەيدان - خاماندا تۇرۇپ ھوسۇلنىڭ ھەقىقىي بىرلىك مەھسۇلاتىنى ھېسابلاپ چىقىش، غەللە بىلەن پاراقنى تولۇق يىغىۋېلىش، ئېشىنچى ئاشلىق بولسا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئىدى. ھەر ئايدا 21 جىڭ نورمىلىق تاۋار ئاشلىقى بىلەن تەمىنلىنىۋاتقان كادىرلار بۇ يەردە ئاز-تولا «ئۆشرە-زاكات» قا ئىگە بولاتتى. شۇڭا گۇرۇپپا باشلىقىنىمۇ رەنجىتمەي، ئەترەت باشلىقىنىمۇ رەنجىتمەي ئىش تۇتاتتى. نەپسانىيەتچىلىك يۇسۇپنىڭ ھىيلىسىگە يول ئېچىپ بەردى. خاماندا گىردە تارتىلغان مىشكاپلار شۇ ھامان ھارۇغا بېسىلاتتى. تالوننىڭ بىر نۇسخىسى ئىسكىلاتقا، بىر نۇسخا نەق مەيداندىكى گۇرۇپپا باشلىقىغا بېرىلەتتى. گۇرۇپپا باشلىقى خىتاي

تىل بىلمىگەچكە ۋە تاماقتا كۆنەلمىگەچكە، خاماندىكى كەپىدە گۆش يەپ، قوغۇن-تاۋۇز يەپ ئۇخلايتتى. بۇ پۇرسەتتە ئالتە ھارۋا بۇغداي دۆلەت ئىسكىلاتىغا تالون كېسىلىپ، ئەترەت ئامبىرىغا توشۇپ كېتىلدى. تالونلار گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ قولىدا پىرقىراپ، خۇلاسە كۈنى ئوغرىلىقچە ئەترەتنىڭ تالونىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىر-ئىككى مىشكاپتىن بۇغدايغا ئىگە بولدى. ھېساب دەپتەردە يوق، ئىسكىلاتقا ئارتۇق كىرگەن ئون نەچچە مىڭ جىڭ بۇغداي يۇسۇپنىڭ ئەركىن بىر تەرەپ قىلىشىغا قالغانىدى. ئەلۋەتتە تىل بىرىكتۈرگەن ئەينى چاغدىكى بوغالتىر ۋە كاسسىرمۇ ھېساب بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر قېتىملىق چوڭ خىيانەتچىلىك ئەنزىسى بىر تەرەپ قىلىندى. موللاخۇن باخشى بولسا، بەش ۋاق نامىزىنى قۇربانىي قاغاش پائالىيىتىگە ئۆزگەرتتى. ئۇ ئولتۇرسا-قوپسا «ئاللاھ نىسىپ قىلغان نىسىۋىسىگە توپا چاچقان كاپىر»، ھۆكۈمەت كادىرى قۇربانغا بالايىئاپەت تىلەيتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ تىلىگىنىمۇ كەلدى.

## ئاپەتلىك يىللار

1966 - يىلى ياز پەسلى.

سۇ بېشىدىن لاي ئىدى. راست - يالغىنىنى ئايرىپ بولماق تەس بولغان مىش-مىش پاراڭلار بىلەن تەڭلا چوڭ ئەترەتتە يىغىن چاقىرىلدى. شۇ كۈنى بېشىغا قارا قالپاق، ئۇچىسىغا قارا چىپەرقۇتتىن ئىشتان-چاپان كەيگەن، قاپقارا شاپ بۇرۇتلۇق چوڭ ئەترەت باشلىقى ھاكىم تۆت-بەش

خىل ئونسۇرلارنى ئېنىقلاش، قارا-سېرىق يىپلارنى تارتىپ چىقىرىش، سىنىپىي كۆرەشنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا ناھىيىدە ئېچىلغان ئۈچ دەرىجىلىك (ناھىيە، كوممۇنا، چوڭ ئەترەت) كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزمەكتە ئىدى. نېمە قىلماقچى ۋە نېمە بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا قەغەزدىكى سۆز-ئىبارىلەرنى ئۆزى چۈشەنمىسىمۇ زورىغا دۇدۇقلاپ ئوقۇۋاتاتتى. يىغىندىن تەشكىللەنگەن خەلق ئەسكەرلىرى ئوقى يوق مىلتىقلىرىنى ھەيۋە قىلىپ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز كوممۇنا ئوتتۇرا مەكتىپىدىن كەلگەن 30 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى ئىشنى بۇزدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەلەتى سوڭرۇن، ئۆزۈن بويلۇق بىرسى چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا «سىنىپىي دۈشمەنلەرنى يوقىتايلى!»، «يومپىچىك ئابلا شىجاڭنى تارتىپ چىقىرايلى!» دەپ توۋلىدى. قالغانلىرى سەھنىگە ئېتىلىپ كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن كوممۇنا باشلىقى ئابلانى سۆرەپ تارتىشتۇرۇپ، بېشىغا قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ قولىنى قايرىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. كارامەت كۆرسىتىشلەر باشلاندى. ھەرقايسى ئەترەتلەر ئۇنىڭ قۇيرۇقچىلىرى دەپ ئاتالغان كىشىلەردىن بىر-ئىككىدىن تۇتۇپ بەردى ۋە سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. چوڭ ئەترەت باشلىقى ھاكىم شۇ سەھنىنىڭ ئۆزىدىلا باش قوماندانغا ئايلاندى. ئۇ شەرەت قىلغان ھامان بىتەلەيدىن بىرسى سەھنىگە تارتىپ چىقىرىلاتتى. ھەممە دەككە-دۈككىگە چۈشتى. يىغىن ئاخىرلىشىش پەيتىدە چوڭ ئەترەت باشلىقى ھاكىم مەكتەپ ۋە تراكتور رېمونت پونكىتى ئوقۇش ۋە ئىشنى توختىتىپ، ئۇنسۇرلارنى سولاپ باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىۋاتاتتى. كوممۇنادىن ساقچى ۋە بەش- ئالتە نەپەر خەلق ئەسكىرى يېتىپ كەلدى-دە، گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ ئۆزىنى باغلاپ تاشلىدى. ساقچى قورقۇپ دۈگدىيىپ كەتكەن دېھقانلارغا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى - بەش قارا» (ئۇنىڭغا يۈرىكىمۇ قارا

دەپ قوشۇلغانىدى) ھاكىمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ھەرقايسى ئەترەتلەر بۈگۈن تارتىپ چىقىرىلغان كوممۇنا باشلىقى ئابلا ۋە چوڭ ئەترەت باشلىقى ھاكىملارنىڭ قۇيرۇقچىلىرىنى تارتىپ چىقىرىش لازىملىقىنى تاپىلاپ يىغىننى تارقىتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن كەنت ئىگە-چاقىسىز، باش-پاناھسىز قالدى، ئىشلەپچىقىرىش توختىدى. كىمنىڭ كىمنى باشقۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بولۇۋاتقان مالىماتاڭچىلىقلارنىڭ باش-ئايىغىنى ئاڭقىرالماي قالغان قۇربان ئۇ قاتتىن ئۆتكەن شوپۇرلاردىن يېڭى-يېڭى قورقۇنچلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ئەنسىزچىلىككە چۈشتى. شۇنداقتىمۇ دېھقان ھامان دېھقانچىلىقنى قىلىش كېرەك دەپ ئويلايتتى ئۇ. خاماندا ئەمدىلا تېپىشكە تەييارلانغان باشاق دۆۋىلەنگىنىچە ئىگىسىز قالدى. ئۇ كىچىك ئەترەت باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خاماننى تەپكۈزۈپ، غەللە-پاراقنى تاپشۇرۇۋەتمەكچى بولدى. بىراق دۆلەت ئىسكىلاتىنىڭ ئامبارچىلىرى ناھىيىگە چاقىرىپ كېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاشلىق تاپشۇرۇۋالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ قۇربان ئەترەتتىكى ئەزالارنى يىغىپ كېڭەش قىلدى. غەللە-پاراق بىلەن ئۈچ قالدۇرۇشنى ئەترەت ئاشلىق ئامبىرىغا تۆكۈپ، قالغان ئاشنى دېھقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرمەكچى بولدى. يىغىندا ھەممە قۇرباننىڭ تەدبىرىنى مۇۋاپىق تاپتى ۋە ئەتىسىلا ئىشقا كىرىشىشكە رازى بولدى. پەقەت يۈسۈپ بىر چەتتە ئۆرە تۇرۇپ خۇش ياقمىغاندەك ئاۋازدا:

- يولداشلار، مەن ئېتى ئۇتلۇق ئادەم. بىرەر ئىش بولسىلا ھەممىڭلار مېنى ئىتتىرىپ قويىسىلەر، بىراق بۈگۈنكى كېڭەشكە مەن قوشۇلمايدىغانلىقىمنى ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، پىشكەللىك چىقسا مەن جاۋاب قىلالمايمەن،-

دېدى. ئۇ ئىچىدە باشقا بىر پىلاننى تۈزۈپ بولغانىدى. بىرەرسىنىڭ بولۇپمۇ قۇربانىنىڭ قىلتاققا چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

- ھەي، باخشى، خاتىرجەم بول، ھەممىسگە مەن ئىگە! - قۇربانىنىڭ جاراڭلىق سۆزىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ «ئاڭلىدىڭلارمۇ، سىلەر گۇۋاھ» دېگەندەك قىلىپ كۆپچىلىككە بىر قاراپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، خاماندا ئىش باشلىنىپ كەتتى. كوممۇنادىكى ئىنقىلابى ئىنسىيانچىلارنىڭ خاماندىكى ئىشنى توختىتىپ ئىنقىلاب قىلىش توغرىسىدىكى قايتا-قايتا ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇشى قاتلىنىپ تۇرىۋەردى. قۇربان خاتىرجەم ھالدا: «ئاشنى جاھاننىڭ ئىسسىقىدا خامانغا ئەكىرىۋالمىساق، قىشتا دېھقان نېمە يەيدۇ. ياردەم ئاش سوراپ كوممۇناغا بارمىساقلا بولمىدىمۇ» دەپ ئويلىدى.

ھەممە ئىش كىشىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولىۋەرمەيدۇ. شۇ كۈنلەردە يۈسۈپ ئىشقا چىقمىدى. ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك بوغداي ئۈلۈشىنى ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپلا، ئەتىسى ئېتىنى توقۇپ كوممۇناغا يېتىپ كەلدى. قېيىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ كەچتە چاقىرىدىغان مېھمانلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. كوممۇنىدا ۋەزىيەت كەسكىن، جىددىي بولسىمۇ، ھېچكىم يېڭى سويۇلغان قوينىڭ مەزىلىك گۆشىدىن ئىشتىيىنى ئېلىپ قاچالمايتتى. كوممۇنانىڭ كاتىپىشى مۇتەللىپ، ساقچىسى ئەكبەر قاتارلىقلار كەچكى تاماقتىن كېيىنكى شارابنىڭ كەيپى بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشتى. ھەرقايسىسى قانداق قىلىپ ھەربىي باشلىق (ھەربىي ئىدارە قىلغۇچى) نىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكى، كىملەرنى قانداق قىلىپ سولىتىۋەتكەنلىكى ھەققىدە تالىشىپ سۆزلەشتى.

- قەدىناسلار، - دېدى يۈسۈپ ئۆلارنىڭ كەيپىياتىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن ئالدىرىماي، - سىلەرگىمۇ ئوبدان ئۆتتۇۋېتىپسىلەر، پېقىر خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى، مەھەللىمىز نائەھلى، ئەسكىلەرنىڭ قولىدا، دېھقان زار قاقشاۋاتىدۇ. دەردىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق. ئىچ ئاغرىتساڭلار بولمامدۇ؟ - دېدى.

- نېمە دەيسانۇي، ئېنىق سۆزلىگىنە، ئاكاڭنىڭ قول ئاستىدا كۆرەڭلەپ يۈرگەن كىم بار يەنە، - دېدى ساقچى ئەكبەر جىددىيلىشىپ.

- قۇربانىنى بىلمەمسىلەر، بەك ئەسكىلىك قىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

- قۇربان؟ - مۇتەللىپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

ئىش پۈتتى. تۆت كۈندىن كېيىن قۇربان ئىشىك ئالدىدىكى پىشايۋاندا ھېساب دەپتەرلىرىنى رەتلەۋاتاتتى. كوممۇنا ساقچىسى بىرنەچچە ئەسكەرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ «كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرۈپ، ئىنقىلابنى باسقانلىق، ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھقا قاتناشقانلىق» جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. نەق مەيداندىلا چوڭ ئەترەت باشلىقىنى چاقىرىپ كىرىپ، قۇربانىنىڭ بوغالتىرلىقىنى ۋە ھېساب دەپتەرلەرنى خەت ساۋادى بار يۈسۈپ باخشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قۇربانىنى باغلاپ، ئاتىنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەتتى.

قۇربان كوممۇنا تراكتور رېمونت پونكىتىغا سولانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ناھەق قارىلانغانلىقى ھەققىدىكى پۈتكۈل جەريانىنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىپ، ھەربىي ۋەكىلگە ئەرز بەردى. ھەربىي ۋەكىل تەرجىمان يىگىت ئارقىلىق بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ جىددىي

پەيتتە دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاشلىقنى يىغىۋالغانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە غەللە-پاراق ۋە ئۈچ قالدۇرۇشنى ئىسكىلاتقا ئاپىرىم كىرگۈزگەنلىكى دېھقان بالىسى بولغان ھەربىي ۋەكىلنى تەسىرلەندۈردى. ئەمما قوشنا كوممۇنادىن كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدا ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھقا قاتناشقانلىقى ئېيتىلغانىدى. ماتېرىيالنى تەكشۈرۈش جەريانىدا تەرجىمان يىگىت قۇرباننىڭ ئىسمىنىڭ باشقا بىر خىل رەڭلىك سىيا قەلەمدە قوشۇپ يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئىنكاس قىلدى. ئەتىسى ھەربىي ۋەكىل قوشنا كوممۇناغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. نەتىجىدە، بۇ ئىسمىنىڭ مۇشۇ يەردە قوشۇپ قويۇلغانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇ ھەر قانچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ بۇ ئىشنى كىم قىلغانلىقىنى تاپالمىدى. ھەربىي ۋەكىل ئاخىرى قۇرباننىڭ مەسىلىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈش، باشقا مەسىلىلىرى بولمىسا، ئەترەتكە قايتۇرۇپ كېتىش توغرىسىدا پىكىر بەردى. براق، بەختكە قارشى شۇ پەيتتە ھەربىيلەرنى باش شتابىدىن چاقىرىپ ئېلىپ كېتىپ قالدى. ئۇلارسىز بۇ ئىشلارغا ھېچكىم قول تىققالمايتتى. ئىشنىڭ ئاق - قارىسى ئايدىڭلاشقۇچە بىر تالاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغقىچە يۈسۈپ ھېسابىنى ھېسابىغا توغرىلاپ قىلغۇلۇقنى تازا قىلدى. ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقنى بۇزۇپ-چېچىپ تۆگەتتى ۋە ئوغرى ئالدى دەپ مەلۇم قىلدى. قۇربانغا نۇرغۇن ئاشلىق خىيانىتى ئارتىپ قويۇلدى. موللاخۇن باخشىنىڭ بەددۇئاسى ئىجابەت بولغانىدەك قۇربان «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى بىلەن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى «ئىنقىلابچى» لارنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى. قۇربانغا سورۇقچىلىقتىن كۆرە مۇنداق ئىككى ئىش بەكمۇ ئەلەم قىلدى.

يۈسۈپ قۇربان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەسىلە ئېنىقلايمەن دەپ كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئايالىغا چاقچاق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ

قاتتىق دەككىسىنى يېدى. قۇربانىنىڭ ئايالى:

- جېنىمدىن تويدۇم. قولۇڭنى تەككۈزىدىغان بولساڭ، ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنۇپ قويۇپ، خەلقى ئالەمگە جاكارلاپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىۋالىمەن. قىساسىمنى قۇربان ئالىدۇ.- دېدى.

يۇسۇپ شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىلىدىغان نورمىلىق ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىپ، گالدىن قىسىپ قويدى. يەنە بىرى، ئۆزۈن ئۆتمەي «قۇربانىنىڭ خىيانىتىنى بىر تەرەپ قىلىمىز» دەپ ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى گىلەم، يوتقان-كۆرپە قاتارلىق بىساتىنىڭ ھەممىسىنى، ئات، سىيىر كالا، قويلارنى ھەتتا دەرۋازىنىمۇ پۇلغا ھېسابلاپ قومۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

قۇربان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچ ئامالسىز مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتناشتى. يۇقىرىغا، مەركەزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ كۆپ قېتىم ئەرز يازدى. جاۋاب بولمىدى. ئاخىرى ئاچچىقىغا پايلىماي، يۇسۇپ باخشى بىلەن ھېساب-كىتاب قىلىشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. موللاخۇن باخشى چوڭ ھەشەمەتلىك ھويلىدىكى كەڭ پېشايۋاننىڭ تۆرىدە تەسۋىي سىيرىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپتا يۇسۇپ، ئىنىلىرى ۋە بالا-چاقىلىرى ئولتۇرۇشاتتى. قارىماققا ئۇلار ھېلىلا كەچكى غىزاسىنى يەپ بولۇشقاندەك قىلاتتى. قۇربان دەرۋازىدىن كىرىپلا ئۆزىنى بېسىۋالالماي تىل سالدى:

- ھەي، نامەرت باخشى، ھەقىقەتتىن، ھۆكۈمەتتىن قورقمىساڭمۇ، خۇدادىن قورقساڭ بولمامدۇ؟ كىشىنىڭ ئىشىك-كېشىكىنى قومۇرۇپ چىقىپ كەتتى دېگەن قىپقىزىل بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟ مەھەللە دېگەننىڭ ئوغرى-يالغىنى بولمامدۇ؟ خىيالىڭدا جاھان ئۆزگىچە ماڭا قالدى دەپ قىلغۇلۇقىڭنى

قىلنۋاتامسىنا؟ ئالدىرىما كاززاپلار، ھە ھېساب بېرىسەن تېخى.

- قۇربان، سەن دېگەن بۇزۇق ئۇنسۇر. ئەقلىڭگە ھاي بېرىپ، ئارقاڭغا يانساڭ بولامدىكىن، - قىرى باخشى ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا سۆزلىدى.

- تۇفىي، قىزىل كۆز ھېلىگەر، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان مەلئۇن. ئەل قىساسى مىنەل ھەق دېگەن گەپ بار. سەن بالىلىرىڭغا ئۆگىتىپ، ھارام يەپ كىشىلەرگە ناھەق ئازار بېرىپ كەلدىڭ. دوزاقنىڭ ئازابىنى مۇشۇ ئالەمدە كۆرەرسەن. ئىلاھىم.

بۇ تىل يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرىگە ئېغىر كەلدى. ئۇلار چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، قۇربانغا ئوقتەك ئېتىلدى. ئۇلار دەسلەپ بوغۇشقان بولسا، ھايال ئۆتمەي سىلكىشلەپ مۇشتلاشقا چۈشتى. قۇربان تورى بىلەن ئاتقان ھەر بىر مۇشتىدا دۈەيلەپ كەلگەن بېرىنى يەرگە تىك چۈشۈرەتتى. يەردىن قوپۇپ ئېسىلىپ، يەنە يەرگە چۈشكەن يۇسۇپ ئاچچىقىدا ئۆمىلەپ بېرىپ بوسۇغىدا تۇرغان كەكىنى قولىغا ئېلىپ، قۇرباننىڭ مۇرىسىگە بىرنى ئۇردى. قۇربان ئۇدۇل مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يۇسۇپنىڭ چىشىنى تۆكۈۋەتتى. ۋار-ۋۇرنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىشكەن خالايىق مىڭ تەستە ئۇلارنى ئاجرىتىۋالدى.

- خەپ، زەڭگىلەر، ئۆتمۇشتىنغۇ خىتاي ئەمەلدارلارغا چىقىمچىلىق قىلىپ بىسوراق خورلاپ قېنىمىزنى ئىچىشتىڭ. ھېسابى يوقمىكىن دېيىشمە! ھەي، باخشى! يەر ئىسلاھاتىدا زەڭگى داداڭدىن قانداق ھېساب ئالغىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالما! سەن بىلەن قىيامەتكىچە دەۋالىشىمەن. قىزىل تىنىقىم ھامان بوينۇڭدا، - قۇربان چىقىپ كېتىۋېتىپ، بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى.

# ئامەت يەنە قايتىپ كەلدى

شتابقا چاقىرىلغان ھەربىيلەر بىر نەچچە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكىدەك سۈرلۈك يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ۋە قوپال مۇئامىلىلىرى ئۆزگەرگەندەك قىلاتتى. خەلق بولسا «لىن بياۋ ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بۇ، شۇنىڭ ئالامىتى» دېيىشتى. دېگەندەك پۈتۈن كوممۇنادىكى كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە بىۋاستە باشچىلىق قىلىۋاتقان ھەربىي باشلىق چوڭقۇر ئويچان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلغانلىقىنى پەملەپ يەتتى. بىر قېتىم يايلاقتىكى تەكشۈرۈش، ھال سوراش سەپىرىدە ئۇ چوڭ ئەترەتنىڭ كاتىپى قۇۋۋات بىلەن بىۋاستە تەرجىمانسىز سۆزلەشتى. قۇۋۋات ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق مەكتەپتە ئوقۇغاندا، ئاز-تولا خەنزۇچە ئۆگىنىۋالغان جىگەرلىك يىگىت ئىدى. قۇۋۋات قۇربانىنىڭ ناھەق زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى، شەخسىي ئۆچمەنلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەربىي شۇ چاغدىلا تەرجىماننىڭ تالاي قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

ئەڭ ئېسىل ئاتلارنى ئەڭ چوڭ باشلىقلار مىنىدۇ. بۇ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇدۇم؛ يايلاقتا چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ ئارزۇلۇق قارا گىرى بىلەن تور يورغىسى ئوتلاپ يۈرەتتى. ھەربىي ۋەكىل بىلەن تەرجىمان قۇۋۋاتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ ئىككى ئاتنى تۇتۇپ كېلىپ ئېگەرلىدى. بۇ ئىككى بەستلىك ئات يورغىسىنى يورغىلىتىپ يامانتۇرغا كىرىپ كەلگەندە، پۈتۈن ئەل ھەيران ھەۋەس بىلەن قاراشتى. ھەممە ئويلايتتىكى، ئات ئۈستىدىكى ھەربىي بىلەن تەرجىمان ئەلۋەتتە ئەترەت باشلىقى ۋە بوغالتىر

يۈسۈپ باخشىنىڭ قورسىغا داخىل بولىدۇ. يۈسۈپ باخشى ئاللىقاچان دادىسى بىلەن بىللە دەرۋازا ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىققانىدى. تەرجىمان قامچىسى بىلەن ئۇلارنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ھەربىي ئۇلارغا سوغۇق كۆلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويدى-دە، ئۆتۈپ كەتتى. يۈسۈپ باخشى دەسلەپ «ھە، ئۇلار ئالدىراش ئوخشايدۇ. يامانتۇردا توختىماي، ئۇ قاتقا ئۆتسە كېرەك» دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇلار ئاتنىڭ تىزگىنىنى قۇربانىنىڭ ئىشكى تەرەپكە بۇرىغاندا، يۈسۈپنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ، قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمە ئىچىنى قاپلىۋالغاندەك كۆزلىرى تورلىشىپ كەتتى. «ھە، بەلكىم ھېساب ئالغىلى كەلگەندۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

ھەربىي ۋەكىل ئالىيىپ قويسا شۇ ھامان پالاكەت باسىدىغان، ھېچىيىپ قويسا دەرھال ئامەت ياغىدىغان شۇ كۈنلەردە، كىشىلەرنىڭ بەخت، خاتىرجەملىك ئۆلچىمى ئۇنىڭ مۇئامىلىسىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. ھەربىي ۋەكىل ئاتتىن چۈشكەندە قۇربان ئۆيىدىن چىقىپ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە بىر ئاز قورقتى.

- ھە، دەرۋازىڭىزنىمۇ قومۇرۇپ كېتىشكەنمىدى؟ - تەرجىماننىڭ تەرجىمە قىلغان سۆزىنى ۋە ھەربىي ۋەكىلنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ھېسداشلىقنى سەزگەن قۇربان دەسلەپ تەرجىمە خاتامىكىن دەپ مەڭدەپ قالغان بولسا، كېيىن ھەربىينىڭ كۈلۈپ قول ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

ئامەت بىلەن ئاپەت گويا كۈن بىلەن ئايدەك ھەر دائىم ئەتراپىڭدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. خالىغاندا بېشىڭغا كۈن چۈشىدۇ ياكى ئاي نۇرى، ئۇلار

سېنى ئەخمەق ئەتكەندەك بىردە كۆتۈرۈپ شان-شەرەپ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرسا، بىردە يەرگە ئۇرۇپ، خارۇ-زارلىق توپرىقىدا دەپسەندە قىلىدۇ. جاھاننىڭ تەڭشەلمىگەن بۇ تارازىسى قۇربانىنى نەچچە ئۆلچەپ، نەچچە تاشلىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا قەد كۆتۈرۈش پەيتى يېتىپ كەلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە يامانتۇر دېھقانلىرى مەكتەپ قورۇسىغا توپلاندى. ئەترەتتە چوڭ يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ روھى كەيپىياتى گەرچە ئۇستۇن بولسىمۇ، مەجبۇرەن ئېچىلغان يىغىنغا ئانچە پەرۋا قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى. يىغىن سەھنىسى بولغان ئىككى ئۇستەل قويۇلغان ئورۇندا ئاممىغا قاراپ ئولتۇرغان ھەربىي ۋەكىل، تەرجىمان، ئەترەت باشلىقى ۋە باشقىلار قانداقتۇر بىر مەخپىيەتلىكنى ھېلىلا ئاشكارىلايدىغاندەك سىرلىق قىياپەتتە ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەمما يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بۈگۈن قۇرباننىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بارلىق زىيانلىرى تۆلەپ بېرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىدىغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغانىدى.

ھەربىي ۋەكىل كوممۇنا ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ قارارىنى يۇسۇپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتتى. ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «قۇربان بىر قىسىم سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ناھەق بوزەك ئۇنسۇر قىلىپ قويۇلغان ...» دەپ ئوقۇغاندا، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار تەقدىرنىڭ بۇ كۆلكىلىك كومېدىيىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى. يۇسۇپ باخشى يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە ئىزا-نومۇس ئىچىدە قورقۇمسىراپ، ھېلى ھەربىي ۋەكىلگە تەلمۈرۈپ قارىسا، ھېلى بىچارىلەرچە دۈگدىيىپ ئولتۇرغانلار ئىچىدىن خەيرىخاھلىق ئىزناسى بار كۆزلەرنى ئىزدەشكە تىرىشاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئىزدىگىنى ھېچ كۆرۈنمەيتتى.

ھەربىي ۋەكىل ئەترەتتە قالدۇق مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانلىقىنى، قۇرباننىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋە ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، بىر مەھەل تېنەپ تۇرۇپ قالغان كۆپچىلىك بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەقىقەت تەۋەسىدە ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلىپ، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. تالاي ۋاقىت بوزەك بولۇپ يۈرگەن نىمجان كۆڭۈللەر يايراپ كەتتى.

ئاخىرىدا قۇربانغا سۆز بېرىلدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇۋاتقان شادلىقلار ئىچىدە ھاياجانلىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان بولسا، ئەمدى تەمكىنلىك بىلەن ئەترەتتىن ئىبارەت بۇ ھارۋىنى سۆرەيدىغان ئىچ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئېلىشقا قاتتىق بەل باغلىغانىدى.

- قېرىنداشلار، - ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى، - بىر تالاي ۋاقىتتىن بېرى، كۆڭلىمىز ئازار يېدى، قارنىمىز تويمىدى. ئۈچىمىز ئىللىمىدى. دەرۋەقە بىز كۆتكەن ئۈمىدلىك كۈنلەر يېتىپ كېلىدىغاندەك. ئاق-قارا، ھەق-ناھەق ئايدىڭلىشىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت ۋە خەلق ماڭا ئىشىنىپ ئەترەتنى تاپشۇرغانىكەن، مەن ھەر قايسىڭلارنى يېتەكلەپ، بېيىش يولىغا قاراپ چامدايمەن. ئۆتكەنلەرگە سالاۋەت. ئەمدى ئىناق-ئىجىل ئۆتەيلى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قۇرباننىڭ ھويلىسىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر جىددىي يىغىن ئاچتى. روھى كۆتۈرۈلۈپ خوجايىنلىق غۇرۇرى بىلەن ھۇزۇرلىنىۋاتقان قۇربان ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىرىپ، يېڭى كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ قولىغا قىزىل دوپپىسىنى ئېلىپ جىيەكىدىن تۇتۇۋېلىپ ئايلاندۇرغاچ، كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى.

- ئاغىنىلەر، بولدى قىلىڭلار! - دەپ سۆز باشلىدى ئۇ كەسكىن ئاھاڭدا. - خەلقىمىزدە «ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس» دېگەن ماقال بار. سىلەر دېگەندەك ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق سياسەت. بەلگىلىمە دېگەنلەرگە ئېسىلىۋالساق، ئاتام ئېيتقان بايىقى دېگەندەك. يەنىلا ئەسكى تۇگمەننى پىقىرايمىز خالاس. ئۆتكەن كۈنلەرگە نەزەر سالايلى. سياسەت-پىياسەت دېگەننى كاللاڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار. بىز دېھقان-چارۋىچىنىڭ سياسىتى يەر تېرىش، مال بېقىش، ھوسۇلىنىڭ ئۆزى سياسەتنىڭ ئۆزى، مېنىڭچە مۇنداق قىلايلى ...

قۇربانىنىڭ بېيىش يولىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

# 2 - قىسىم

## ناھىيەدىكى مەخپىي يىغىن

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى ئاساسەن ئاياقلىشىپ، لىن بياۋ ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ناھىيەدە ئۈچ دەرىجە ھەربىي ئىدارە قىلىش نامىدا ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ھەربىيلەر كونەستىكى دۈشمەن قوماندانلىق شتابىغا چاقىرتىلدى. ناھىيىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلار، جۇملىدىن كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار كومىتېتى، ئىشچىلار كومىتېتى ۋە قوغدىغۇچىلار بىرلەشمىسى دېگەندەك تەشكىلات باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپقان توققۇزتارا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئەمەلىي ھوقۇق يۈرگۈزگۈچىلەر، بۇيرۇق بەرگۈچىلەر ھەربىيلەر ئىدى.

ئارىدىن 15 كۈن ئۆتكەندە كونەستىن پولك دەرىجىلىك 5-6 نەپەر ھەربىي ئەمەلدار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ توققۇزتارا ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى. لىن بياۋ ۋەقەسىدىن كۆپ ئۆتمەي ناھىيىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان 4 نەپەر پولك دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنغان ۋە بۇنىڭ سەۋەبى خەلقتىن مەخپىي تۇتۇلغان ئىدى.

يېڭى كەلگەن ھەربىي ئەمەلدار كېلىپلا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كونا بىناسىدا غەيرىي رەسمىي، ئەڭ توغرىسى مەخپىي يىغىن چاقىردى. يىغىندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ناھىيىنىڭ ھاكىمى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر

ئەمەلدار ئوبلاستقا، چارۋىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم قازاق ئەمەلدار تاغقا، سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا. ھەتتا مۇئاۋىن باش كاتىپ ئۇيغۇر زىيالىيسى ئۈرۈمچىگە كۇرسقا ئەۋەتىۋېتىلدى.

يىغىن باشلانغاندا، كۈنەستىن كەلگەن پولك دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھەربىيچە كىيىمنى سېلىۋېتىپ پۇقراچە كىيىنگەن ھالدا پارتكوم يىغىن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. يىغىن زالىدا تەييار بولغان 5 نەپەر خىتاي ئەمەلدارى ۋە توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پولكلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ پۇتىدىكى يىپ يېڭى چىبەرقۇت خەيلىرىگە قاراپلا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يېڭىدىن تەشكىللىنىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ناھىيىگە يەرلىشىش ھازىرلىقىنى تەييارلاپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى.

پولك كوماندىرى لى ئەسكەرلەرگە خاس قوپال، ئەمما مەغرۇر قىياپەتتە سۆزىنى باشلىدى.

- يۇرتداشلار، بۈگۈن بىز تاسادىپىي بىر يىغىن ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بىر نەچچە كادىر تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى، ئوبلاستقا كەتتى. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى يىغىنىمىز ھەم ناھايىتى مەخپىي ھەم ئالاھىدە مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ مەخپىي يوليورۇقلىرى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇشى، جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى سىياسىي ئىستىراتېگىيىسىگە ئاساسەن ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەھەتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

ئۇ جىددىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي، قولىدىكى قىزىل باشلىق ھۆججەتلەردىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن، جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش ئۈچۈن خەلقئارا نىزامنامىلەرگە ماس ھالدا ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئاستا- ئاستا ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى، ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە يەرلىك خەلقلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە چەكلىك يول قويىدىغانلىقى، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش قاتارلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى، ئاخىردا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى كومپارتىيىنىڭ قولىدا چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قايتا تەشكىللىنىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

- بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز ھوقۇق ئورگانلىرىنى - ناھىيە، كوممۇنا، چوڭ ئەترەتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ھوقۇقنى قولىمىزدا چىڭ تۇتۇش، دۆلەتنى ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش، نۆۋەتتىكى جىددىي خىزمىتىمىز پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش مەقسىتىدە مەخپىي تەشكىللەنگەن «شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى» دەپ ئاتالغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ناھىيىمىزدىكى شۆبە تەشكىلاتىنى بىتچىت قىلىش، ئۇنىڭ باشلىقلىرىنى، ئەزالىرىنى قېزىپ چىقىپ زەربە بېرىش. ئۇنۇتماسلىقىڭلار كېرەككى، بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان، ھازىرقى ئاپتونوم رايوندا يۇقىرى ئەمەل تۇتۇۋاتقانلار، خەلق ئىچىدە نوپۇزلۇق دىنىي ئۆلىمالار، زىيالىيلار بار. ناھىيىمىز ئۇلارنىڭ چېگرا رايوندىكى ئالدىنقى سېپى. «بىرگە قارشى تۇرۇپ، ئۈچنى تەنقىد قىلىش» ھەرىكىتى داۋامىدا ئارمىيىمىز ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىدىكى جەڭچىلىرىمىز چوڭ شەھەرلەردە تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇپ سولىغان بولسىمۇ،

ئاساسىي قاتلاملاردا بۇ تەشكىلات تېخىچە پائالىيىتىنى توختاتقىنى يوق.

ئۇ ئاخىرىدا، پارتكوم قۇرۇش، پارتىيىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، ئاساسىي قاتلاملاردا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاشلىق ۋە چارۋىنىڭ ئۆچ قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ، كۆپرەك ئاشلىق يىغىۋېلىش، بارلىق چوڭ ئەترەتلەردە خىتاي كىچىك ئەترەتلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق كۆپلەپ كۆچمەن يەرلەشتۈرۈش دېگەندەك كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئۇقتۇردى.

يىغىن قاتناشچىلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پارتىيىگە سادىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەخپىي كۆزىتىش، ئۇچۇر توپلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدىن پارتىيىمىزگە سادىق بولغانلىرىنى ھىمايە قىلىپ ئۆستۈرۈش، باشقىچە نىيەتتىكىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتۇرۇش، بارلىق يېزىلاردا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئۆلكىلەردىكى خىتاي ئاھالىلىرىنى يۆتكەپ كېلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئەقىل كۆرسىتىپ پىكىرلەر بېرىشتى.

## ئاداۋەتلىك مۇھەببەت

قىپقىزىل تاۋلانغان شەپەق نۇرى كەچكۈزنىڭ كۆكۈم مەزگىلى بولۇشىغا قارىماي، بىپايان چىملىق ۋە شاۋقۇنلۇق دەريادىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەندەك ئاسماننىڭ غەربىگە قىزىل شايى تارتقاندى. ئۇچى سارغىيىپ ئالتۇن

رەڭگە كىرگەن ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلار كۆز شاملىدا يېنىك تەۋرىنىسە، تىنىمسىز بۇژغۇپ يېنىك دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى خۇددى ئاشۇ چىملىقتا ئىنتىلگەندەك ئۆزىنى گىرۋەككە ئۇراتتى-دە، ئەتراپقا سانسىز سۇ تامچىلىرىنى چاچاتتى. شەپەق نۇرىدا يالتىرىغان بۇ چاچقۇلار ساھىپجامال قىزنىڭ بوينىدىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ئەسلىتەتتى.

دەرۋەقە دەريا بويىدا بويىنىغا مەرۋايىت مارجان ئاسقان ساھىپجامال بىر قىز، بەستىلىك يىگىتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ، قاپقارا قوي كۆزلىرىنى دەرياغا تىككىنىچە ئاستا غىڭشىپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى.

مەن يارىمنى ئاي دەر ئىدىم،

ئاينىڭ دېغى بار،

داغ يۈزلۈك ئاي يورۇتالماس خۇنۇك كېچىنى ...

يىگىتنىڭ شاتلانغا كۆڭلىكى يېنىك تەۋرىنەتتى. قىزنىڭ چاچلىرى يەلپۈنەتتى. دەريا سۈيى تىنىمسىز لۆمشۈپ ئاقاتتى.

سەل نېرىراقتا تەبىئەتنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە يات كۆرۈنۈش - چىملىقتا «شەرق شاملى» ماركىلىق موتوسىكلىت - «قىزىل تايىنچا» ياتاتتى.

- كەچ بولۇپ قالدى، كېتەيلى جېنىم، - قىز ناخشىسىنى توختىتىپ بېشىنى بۇراپ يىگىتكە قارىدى. ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. لەۋلەر سۆزلەشمەكتە ئىدى. بۇ، يىگىتنىڭ دائىملىق جاۋابى ئىدى.

- ئۆتۈنۈپ قالاي جېنىم، مەھەللىدە سۆز-چۆچەككە قالمايلى، ئۇنىڭ

ئۈستىگە دادامغۇ چىچىلىپ يۈرىدۇ، - قىز ياڭۇرۇش ئاھاڭىدا ئەركىلەپ سۆزلىدى.

- ھەي، سىزنىڭ دادىڭىزنىزە، خەقنىڭ ئىشى دىسە ئۆلۈپ بېرىدىكەن، ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ، - يىگىت ئازراق رەنجىش ئارىلاش سۆزلىدى.

- غېمىنى يېگەچكە بېقىپ، ئوقۇتۇپ چوڭ قىلغاندۇ. ئاۋۋال بوسۇغىغا دەسسەپ بېقىپ ئاندىن بىرنېمە دېمەمسىز؟ خەقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئۆركۈپ يۈرىسىز.

- ئەگەر دادىڭىز ماقۇللا دەيدىغان بولسا، چاي ئىچكۈزۈشكە بارغانلاردىن دادىڭىزغا «قىزىل تاينىچا» منى بېرىۋېتەتتىم.

- رەھمەت، دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە يەردە ئوڭدىسىغا يېتىۋالىدىغان ئۈنداق تاينىچىڭىزنى نېمە قىلىدۇ. تۆت پۇتلۇق تىرىك تاينىچىدىن نەچچىسى تۇرۇپتۇ. خالىسىڭىز سىزگە ئەۋەتىپ بېرەيلى.

- گۈلبۈۋى، چاقچاقنى قويايلى، راستىمنى ئېيتسام پۇتۇن تەييارلىقىم پۈتتى. ئۆيدىكىلەرگە ياڭۇرۇپمۇ ئولتۇرمايمەن. سىزمۇ ئۆيدىكىلەرگە بىشارەت بېرىپ باقسىڭىز.

- نېمە؟ دادام ئۆمۈر بويى سىلەرنىڭ جەمەتىڭلارنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلدى. ئەمدى كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندە يارىسىغا تۇز سېپىدىغان بولسام، كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ بىراقلا بۇزۇلمىسۇن. ياخشىسى ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپتىكەن ... دەپ ...

- شۇ گەپ گۈلبۈۋى، مېنىڭ دادامغۇ ئۇنىمسا، كىمنى ئەلچىلىككە

ئەۋەتىمىز؟ بارىدىغان كىشىمۇ ئالدىدا دادامدىن سورايدۇ-دە، يا بولمىسا ... ھە .... - مۇھەممەتجان بىردىنلا بېشىنى سىلكىپ، تۇيۇقسىز بىر قارارغا كەلگەندەك جىددىيلەشتى ۋە گۈلبۇۋىنىڭ ئالقىنى ئارىسىدىكى بارماقلىرىنى قويۇۋېتىپ نېرىدا ياتقان موتوسىكلىتكە تىكىلدى-دە، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېچىگە يۇتۇۋەتتى.

- قاچايلى دېمەكچىمۇسىز؟! ياق، ياق، پەقەتلا ئۇنداق قىلمايلى جېنىم، دادامغا، ئاپامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

- باشقا ئامال يوق، بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

- مۇھەممەتجان، سىز قانۇن كادىرى تۇرۇپ قانۇنسىز ئىش قىلسىڭىز، پۈتۈن ناھىيىگە سازايى بولىمىز. ئوقۇغۇچىلىرىم «بىزنىڭ مۇئەللىم سودىيە يىگىت بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ» دېيىشسە، مەن قايسى يۈزۈم بىلەن يەنە دەرسكە كىرىمەن.

- ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ پۇچىقى پىشمىسا، بىزگە قاچماقتىن باشقا ئامال يوق.

- مۇھەممەتجان، سىز دادامنى ئۇنچە باغرى قاتتىق دەپ ئويلىماڭ. «يۇمشاق سۆز تاشنى يارار» دېگەندەك، سىلىق-سىپايە سۆزلەر بىلەن خېلى چىڭ ئاداۋەتلەرنىمۇ يۇمشىتىۋەتكىلى بولىدۇ. ئۇزاقى يىلى يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندە سىز تېخى ئۇرۇمچىدە، بىزنىڭ ئەترەتتە ھە دېگەندىلا ناھىيىدە يېزىدا ئارقا تىرىكى بار ئائىلىلەر ئەڭ ئوبدان يەرلەرنى كۆپلەپ ھۆددىگە ئېلىپ بولدى. ئەڭ ئوسال يەرلەرنىمۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن تالىشىپ تۈگەتتى. دادام ئاچچىقىدا «قېنى قانچىلىك ئېلىپ تويۇشارسەن، يامنى كەلسە

بىنەمدىن ئاچىمەن» دەپ كۈتۈپ تۇردى. شۇ كۈنلەردە چۇشۇرگىنىڭ ئاستىدىكى بىر پارچە شورتاڭغا دادامنىڭ كۆزى چۈشۈپ شورنى تارتىۋېتىپ ئىككى يۈز مو يەر ئاچماقچى بولۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە نامازدىن يانغان جامائەت بىلەن بىللە يۈسۈپ باخشى دېگەن بېزىرىپ كىرىپ كەلدى. دادام جامائەتكە چاي بەردى. كۆپچىلىكنىڭ سالاسى بىلەن ئۇلار يارىشىپ قېلىشتى. يۈسۈپ باخشى يىغلاپ تۇرۇپ تۆۋە قىلغان ئوخشايدۇ. دادام كەچۈرۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باخشىلار دادامنى پاقلان چىپىغا چاقىرىپ كېلىشتى. شۇ كۈنى دادام چۇشۇرگىدىكى شورتاڭغا يەرسىز قالغان يۈسۈپنى، يەنە بۇلۇڭ-پۇشقاقتا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرگەنلەردىن نەچچىسىگە قوشۇپ شېرىك قىپتۇ. دادام ئۆيگە كېلىپ ئاپامغا سۆزلەپ بەرگەندە ئاپام بىرمۇنچە تەگدى. بىراق دادام «شۇ بىچارىلەرگە ھالال مېھنەتنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قوياي» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ مانا ھازىرغىچە ئۇلار بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ھېلىقى ئابەك دېگەن لايغەزەل توغقىنىڭلارمۇ بىللىغۇ؟ دادام تېخى شۇلارنىڭمۇ بېشىنى سىلاۋاتىدۇ.

- دادىڭىز شۇنچە رەھىمدىل بولسا، ئەمدى مېنىڭ بېشىمنى بىر سىلاپ قويسا، ئىشىمىز پۈتەتتىغۇ؟

- سىز - زە چاقچاقچىلا يۈلەپ، بار گېپىڭىزنى دەۋالسىز. - گۈلبۇۋى ناز بىلەن كۈلۈمسىرەپ مۇھەممەتجاننىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىردى. مۇھەممەتجان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بىلەكلىرىنى ئاۋايلاپ سىلىدى. ئۇلار بىر-بىرىگە تىكىلىپ تويماي قاراشتى. ھەر ئىككىسى ئادىتى بويىچە كىرپىك قاقماي تىكىلىپ تۇرۇپ بىر ھازا بەسلەشتى. ئارىلىقتا مۇھەممەتجان چىدىماسلىق بىلەن ئادەتنى بۇزۇپ ئۆزىنى گۈلبۇۋىگە ئاتتى. ئۇلار چىملىق ئۈستىدە ئۇيان-بۇيانغا دومىلاپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى ۋە ئارقىدىنلا بىر

پەس جىمجىت بولۇپ قېلىشتى-دە، ئاندىن ھەر ئىككىسى ئالقانلىرىنى چاپلاپ بارماقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ چىڭ سىقىپ چىقملىقتا ئاسمانغا قاراپ ئۇگدىسىغا ياتتى. مۇھەممەتجان چوڭقۇر تىنىپ نەپەسلىنەتتى ۋە يۇلتۇزلارغا تىكىلگىنىچە نېمىلەرنىدۇر ئويلايتتى. گۈلبۇۋىنىڭ خانئەتلەس كۆينىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى نەپسىگە تەڭكەش بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشەتتى ۋە يېنىك تىترەيتتى. ئاجايىپ نازۇك بىر خىل ھېسسىياتقا تولغان نۇرلۇق كۆزلىرى چەكسىز ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ۋىسال يۇلتۇزىنى ئىزلىگەندەك مېھرىلىك تىكىلەتتى. بۇ چاغدا، ئۇ مۇھەممەتجاندىن باشقا ھېچ كىشى بەخشەندە قىلالمايدىغان ئىنتايىن ساپ سۆيگۈنىڭ ئاجايىپ تاتلىق تۇيغۇلار لەززىتىدىن بەھرىلىنىپ ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھېسابسىز نازۇك بىر خىل شېرىن ھېسسىياتنىڭ كەيپىدە مەستخۇش بولدى. ئۇ چوڭقۇر خىياللار ئىچىدىن ئۆزىگە ئەڭ ياخشى ھەمراھ بولىدىغان بىرلا خىيالنى تاللىۋالاتتى. مۇھەممەتجان بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ئاشۇ مىنۇتلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە تالاي قېتىم ياندۇرۇپ كۆرىدىغان ئەڭ ياخشى سىنئالغۇ لېنتىسىدەك ئەسلىمىلەر ئىدى ... مانا ئۇ بۈگۈنمۇ يەنە شۇ خىياللاردا ...

سەھرا قىزلىرى ئۇچۇن بىر قېتىم شەھەر كۆرمەك ھېسابسىز بەخت بىلەن تەڭ ئىدى. تالاي دېھقانلار بولسا قىزلىرىنى شەھەر تۇگۇل يېزىدىكى يەكشەنبىلىك بازارلارغىمۇ يات كۆزلەردىن قوروپ ئەۋەتىشمەيتتى. گۈلبۇۋى ئۆزاقى يىلى ئوبلاست بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ، ماتېرىيالى ئۈرۈمچىگە تاللاشقا ئەۋەتىلگەنىدى. يازلىق تەتىلدە ئوبلاست بويىچە بېكىتىلگەن ئون نەچچە ئوقۇتقۇچى ئىچىدىن تاللانغان ئۈچ نەپىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا

بېرىشى لازىم ئىدى. گۈلبۇۋى ئۇرۇمچىنى بىر كۆرۈشنى قەۋەتلا ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا كۆزى يەتمىگەن ئىدى. تۇيۇقسىز بۇ ئامەت ئۇنىڭ بېشىغا قوندى.

ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ھەيران قالدى. سان-ساناقسىز ئېگىز بىنالار، تۈپتۈز يوللار، رەڭگارەڭ گۈللەر، كۆركەم ماگىزىنلار، ئازادە ئۆيلەر، كېلىشكەن كىشىلەر ... ئۇنىڭغا جەننەت تۇيغۇسىنى بېرەتتى. بىراق ئۇ، ئىككى نەرسىدىن چاندى. ئۇ ئەڭ ئېسىل دەپ كىيىپ كەلگەن كونا مودىدىكى قىزىل شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلىكى ئۇنى ئىزاغا قويدى. يىغىندىكى بىر سەپدىشى ئۇنىڭ ئۇچىسىغا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

- ئۇكام، سىز سەھرادىن كەلدىڭىزمۇ-نېمە؟ - دەپ سورىدى. ئۇ شۇ سىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن ھېس قىلدى ۋە قەلبى ئازابلاندى. يەنە بىرى ئۇنىڭ چىرايى ئىدى. شەھەرنىڭ قىزلىرى نېمىشقىدۇر ئاپئاق ئەتلىك، يۇمۇلاق يۈزلۈك، نۇرلۇق كۆزلۈك بولۇپ، گىرىملىك چىرايىدىن جىلۋە يېغىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى پاسونلۇق كۆينەكلىرى زىلۋا بەدەنلىرىگە ياراشقان ئىدى. گۈلبۇۋى يۈز يۇيۇش ئۆيىدە ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ مايسىراپ كەتكەن توپا رەڭ يۈزىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

يېتىرقاش، يالغۇزلۇق، ياتسىراشلار ئۇنى تېخىمۇ ئۇركىتىپ ھېچكىمگە يېقىنلاشتۇرمايتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن يىلى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقدىشى مۇھەممەتجاننى ئەسلىدى.

ئۇلار ئۇچراشقان مىنۇتلار، بەخت چاقمىقى چېقىپ سۆيگۈ گۈلدۇرمامىسى قەلبلەرنى لەرزىگە سالغان چاغلار ئىدى.

مۇھەممەتجان تېلېفوننى ئېلىپلا مېھمانخانىغا قاراپ ئۇچتى. نامازشام مەزگىلى، كوچىدا ئادەم شالاڭ. مېھمانخانا ئالدىدىكى گۈللۈك ئەتراپىنى ئادەم بويى سېرىق گۈللەر قاپلاپ تۇراتتى. گۈللۈك ئىچىدە يالغۇز گۈلبۇۋى تەقەززالىق بىلەن ئەتراپقا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ مۇھەممەتجاننىڭ قايسى كوچا تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. نېمىشقىدۇر يۈرىكى دۈپۈلدەپ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەشكە باشلىغانىدى.

ئەنە، ياقا يۇرتتىكى بىردىنبىر تەنھا يۇرتدىشى - مۇھەممەتجان ئۇقتەك ئۇچۇپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆزىدە شاتلىق جىلۋىسى - خۇشاللىق يېشى پارقىرايتتى. يۇرتىدىن ئايرىلىپ تۇنجى قېتىم ئۇچرىغان يۇرتدىشى يەنە كېلىپ ساۋاقدىشى - قىز ساۋاقدىشى ... ئۇ پۈتۈن ئەل يۇرت، مەھەللە، دوست، ئاتا-ئانا سېغىنىشلىرىنى مۇجەسسەملەپ غۇلىچىنى كەرگىنىچە ئېتىلىپ كېرىپ گۈلبۇۋىنى قوينىغا ئالدى. گۈلبۇۋى دەسلەپ گويا ئاتىسى، ئانىسى ياكى ئاكىسىغا ئېسىلغاندەك ئىسسىق سېزىم بىلەن مۇھەممەتجاننىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئېسىلدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ سەزمەي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. مۇھەممەتجانمۇ يىغلىدى. بىر ھازادىن كېيىن ھەر ئىككىسى ئۆز قەلبىدە بىر خىل ئىللىق سېزىمنى ھېس قىلىشتى. بىر-بىرگە تىكىلىپ قاراشتى. خۇددى ئۆسمۈر چاغلىرىدا «قېنى كىم كىرپىك قېقىپ بۇزۇۋېتىدىكىن؟» دەپ بەسلىشىپ ئوينىغاندەك، بىر-بىرىگە كىرپىك قاقماي ئۇزاق قاراپ تۇرۇشتى. گۈلبۇۋى ئۆزىنىڭ بەل ۋە مۈرىسىنى چىڭ قامالاپ تۇتۇپ تۇرغان ئىسسىق قوللاردىن ئاجايىپ كۈچلۈك بىر يۆلەنچۈكنى ھېس قىلدى. تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەردىن بولسا، ئۆزىنىڭ بەختىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا سىماپتەك ئېرىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى مۇھەممەتجاننىڭ قوينىغا تېخىمۇ چىڭ ئاتتى ...

- گۈلبۇۋى نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

- ئۆرۈمچىدىكى گۈللۈكنى ...

ئۇلار يەنە بىر پەس نەپەسلىرى قىسىلغىچە سۆيۈشۈشتى.

دەريا سۈيى تىنىمسىز شىلدىرلاپ، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ شولىسىنى سۇندۇرۇپ كۆمۈشرەڭ نۇرلارنى چاقناتماقتا.

ئاھ، ياشلىق، ئاھ، مۇھەببەت، ئاھ سۆيگۈ ...

لەۋلەر تىنىشسىز سىرداشقاندا دۇنيا، مەۋجۇدىيەت ۋە ئاڭ ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ. ئىنسان ھەقىقىي بەخت تۇيغۇسىدا ئۇخلايدۇ. بۇ شېرىن پەيتتە ئاتا نېمە، ئاداۋەت نېمە، دوست نېمە، بايلىق نېمە، ھەممىسى بىر تىيىن، لەۋلەر شېرىن مۇھەببەت تۇيغۇسىدا ھەممىنى دەپنە قىلىدۇ. ياشلىقنىڭ پەيزى، مۇھەببەتنىڭ لەززىتى، سۆيگۈنىڭ سەممىيىتى ئەنە شۇ لەۋلەر ۋە قەلبلەر رىشتىسىنىڭ يارقىن كۆيىدە ھەقىقىي نامايان بولىدۇ.

## ئەلچى كەلدى

- «قىسىر ئۆچكە مال بولمايدۇ، قىسىر ئېگىز يەر» دېگەن گەپ بار، قاراپ تۇرۇپ ئىككى تاغار زىغىرنى قىسىر ئېگىزغا چېچىۋېتىپ كەلدىڭىز. بۇ يىل بىر ياز مورىيانىڭ قاغىلىرىنى باقمىساق بولاتتىغۇ؟

- ئۇنداق دېمە خوتۇن، يەرنى ئوبدان پۇراپ باقتىم، كۆزۈم يەتتىكى، خۇدا بۇيرۇسا كۈزدە 20 تاغار زىغىرنى ئامبىرىڭغا يۆلەيمەن.

- «يەرگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت» دەپتىكەن. قېنى كۆزدە چۈجىگىزنى ساناپ بىر نېمە دەرمىز.

قۇربان كەڭ پىشايۋانلىق ھويلىسىنىڭ ئازادە سۇپىسىغا سېلىنغان قارا تىكىمەتنىڭ ئۈستىدىكى كۆرپىسىدە ماموق ياستۇقنى يانپاشلاپ ئولتۇرۇپ، خوتۇنى بىلەن پاراڭلىشىپ ئەتىگەنلىك چاي ئىچىۋاتاتتى.

قۇربان ئېغىلنىڭ سىرتىدىكى قوزۇقنا باغلاپ قويۇلغان تور ئاتنىڭ تۇرقىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تاماشا قىلغاچ چاي ئوتلاۋاتاتتى. تور ئات تۇيۇقسىز قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ شەپە سېزىلگەن تەرەپكە بېشىنى بۇراپ قاراپ قويدى. قۇربان يىراقتىن مەھەللە ئىچىگە كېلىۋاتقان دىشلونىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى زەڭ سېلىپ ئاڭلاپ ئىلغا قىلدى.

- ئاڭلىدىڭمۇ خوتۇن، مەھەللىگە دىشلو كىرىۋاتىدۇ. ناھىيدىكى يېزىلىق بازارنىڭ ئاتلىرىنىڭ قوڭغۇرىقىدەك قىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھارۋىدىكىلەر بامدات نامازدىن يېنىپلا يولغا چىقىپ ئەتىگەنلىك ناشتىغا بىزنىڭ يامانتۇرنى قارا كۆرگەنلەردەك قىلىدۇ.

يىراقتىن ھارۋىكەشنىڭ ئاتلىرىنى ئاستىلاتقان ئاۋازى، ئاتلارنىڭ قەدىمىنى سۇسلاتقان تۇۋشى ئاڭلاندى. قۇربان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە خوتۇنىغا:

- بول خوتۇن، قايمىقىڭنى راسلا، كۆڭلۈم بىر نېمىنى تۇيغاندەك قىلىۋاتاتتى، مېھمان چوقۇم بىزنىڭكىگە كېلىۋاتىدۇ، - دېدى ۋە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. زەينەپبۇۋى:

- شۇ، ئاخشامقى سىنچايدا سىركايغا لىقلا شاما تولۇۋاپتىكەن.

نېمىدىگەن كۆپ مېھمان بۇ دېۋىدىم، - دەپ چاقچاق قىلدى ۋە ئالدىراپ چىنە-قاچا، داستىخانلارنى يىغىشتۇردى.

دېگەندەك، دىشلو ھارۋا دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. قۇربان ھارۋىدا ئولتۇرغان يېزىلىق بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى، مەزىنى، بازار مەھەللىنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە مۇتەللىپنىڭ ئىككى تاغىسىنى يىراقتىنلا تونۇدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت، - قۇربان تېز مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئىمامنى يۆلەپ چۈشۈردى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قۇربان ئاخۇن، تىنچلىقمۇ؟ - سالامنى ئىلىك ئالغان ئىمام قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدى. باشقىلارمۇ سالامدىن كېيىن ئەگەشتى. مېھمانلار چوڭ ئۆيگە كىرىپ تۆردىكى گىلەم ئۈستىدە سالاپەتكە قاراپ رەت بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشۇۋالغاندىن كېيىن تىپ -تىنچ بولۇشتى. جىملىقنى ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن مويسىپىت ئىمامنىڭ زىل ۋە جاراڭلىق قىرائەت ئاۋازى بۇزدى. ھەممە ئېڭىشىپ يەرگە قارىغىنىچە، قوللىرىنى تىزىغا سوزۇپ مۆڭلۈق قىياپەتكە چۆكتى. قۇربان ئوقۇلۇۋاتقان ئايەتنىڭ قىياسەن مەزمۇنىدىن بۇ كىشلەرنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى تەخمىن قىلدى ۋە كاللىسىغا دەرھال «كىمنىڭ ئوغلىدىن كەلگەندۇ؟» دېگەن سوئال كەچتى. «مۇتەللىپنىڭ ئىككى تاغىسى بىلەن» دېمەك. قۇربان تېز پىكىر قىلىپ مۆلچەرلىدى ۋە ئۆز ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك يەر تېگىدىن مۇتەللىپنىڭ ئىككى تاغىسىغا قارىدى. ئۆز نۆۋىتىدە ساھىپخانىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش نىيىتىدە نەزەر تاشلىغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ كۆزى

قۇربانىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. مەسىلە ئېنىق بولدى. ئۇزۇن يىللار ئاداۋەت تۇپەيلىدىن بۇ ئائىلىلەر پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارا بېرىش-كېلىش قىلىشمىغان، قىز ئېلىپ، قىز بېرىشمىگەننىدى. ھالبۇكى، ئۇدۇمنى بۇزۇپ كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ مەقسىتى سۆزلىمىسىمۇ ئۇچۇق بولدى. قۇربان دۇئادىن كېيىن داستىخان راسلاشقا چىقتى ۋە ئوي-خىيالىنى زەينەپبۇۋىگە دېدى-دە، چاي تەييارلىدى.

مېھمانلار سۆھبەتكە چۈشتى. يامانتۇر مەسچىت جامائىتىنىڭ ھال-ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇسى، ياشلارنىڭ نامازغا كىرمەيدىغانلىقى، بەزىلەرنىڭ ھاراق ئىچىپ يۈرگەنلىكىدەك جامائەت سورۇنلىرىدا مودا بولۇپ قالغان بىر تالاي گەپلەردىن كېيىن ئىمام سۆز ئاچتى:

- خوش، قۇرۋان ئاخۇن، ئەلچىلىككە كەلدۇق، - گېپىنى كېسىپ ئېيتىپ، مەسىلىنى بىراقلا ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن پەخىرلەنگەن ئىمام ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى.

- خوش، شۇنداق، ھەممىمىز پەرزەنت بېقىپ چوڭ قىلىمىز، پەرزنى ئادا قىلىمىز. خۇدايىم بالىلىرىغا بەخت ئاتا قىپتىكەن ...

قۇربان دەسلەپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سۆزلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ چىقتى، كېيىن قاپىقىنى تۈرۈپ جىددىي تەلەپپۇزدا:

- تەخسىرلەر، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپتىكەن، ھەر قايسىلىرىغا رەھمەت. مېنىڭ قىزىم ئوقۇتقۇچى، تۈت ئادەم ئارقىسىدىن سۆزلىشىپ بېشىنى باغلاپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس. مۇشۇ كۈندە ھۆكۈمەت ئىشىدىكى بالىلار ئۆزلىرى

پوتۈشۈپ بىر نېمە دېيىشۋاتىدىغۇ؟ - دېدى.

- قۇرۋان ئاخۇن، شەرىئەت بىلەن ماگىدىغان سۆزنى قىلىشايلى. نىكاھ غايىبتىن بولۇر. بالىنىڭ تەقدىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسى بەلگىلىشى كېرەك. - مەزىن مۆلايىم، لېكىن زەھەرلىك قىلىپ سۆزلىدى. قۇربان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

- تەقسىر مەزىنئاخۇنۇم، شەرىئەتمۇ ئۆز يولى بىلەن ماگىدۇ. هۆكۈمەتنىڭمۇ نىكاھ قانۇنى بار، ئۇنىتۇپ قالمايلى. ئەگەر باللار پۈتۈشۈپ چىقىشىپ قالغان بولسا، ھەرگىز پىكرىم يوق. كىم بولۇشىدىن، ھەتتا مۇتەللىپنىڭ ئوغلى بولۇشىدىنمۇ قەتئىينەزەر، باللارنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ بېرىمەن. ئەمما ... - تېخى بىرسىنىڭ ئىسمى چىقماي تۇرۇپ قۇربانىنىڭ «ھەتتا مۇتەللىپنىڭ ئوغلى بولۇشىدىنمۇ» دېگەن سۆزى ئۇلارنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى.

- خوش مېھمانلار، چايغا باقايلى. قېنى تارتىنماي، - قۇربان مېھمانلارنى ئەمدى بۇ ھەقتە سۆزلىمەڭلار دېگەندەك مەنىدە تائامغا تەكلىپ قىلدى.

مېھمانلار چايدىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە «ئويلىشىپ بېقىشسىلا»، «يەنە كېلەرمىز» دېگەندەك يوسۇن سۆزلىرى بىلەن داستىخاننى يىغىپ مەھەللىدىكى پەخىردىن ئاقساقالنى يوقلاش ئۈچۈن ئۆزاپ چىقىشتى.

قۇربان قايتىپ كىرىپلا قايناپ كەتتى:

- نېمە؟ مۇتەللىپكە قىز بېرىمەنما؟ بەدبەختىنىڭ ماڭا قىلغان- ئەتكەنلىرى ئازدەك، نومۇس قىلماي تېخى ئىشكىمگە ئادەم ئەۋەتكىنىنى قارا. سەن قارا يۈز-زە، خىيالىڭدا ئەمىلىمگە، مەنسىپىمگە قاراپ بېرىپ

سالارمىكىن دەپ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يۈرۈپسەن-دە. خام خىيال قىلما! مۇتەللىپ، قۇربان تىرىك بولىدىكەن، ساڭا ھېچنېمە بەرمەيدۇ.

زەينەپبۇۋى تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى:

- نومۇسسىز. تۆھمەتخورلار. بالام ئۇرۇمچىدە ئوقۇدى دەپ خالىغان يەردىن قىز تالاشماقچى بولۇشۇپسەن - دە. يامانتۇردا سەنلەرگە چۇشۇپ قالغان قىز تۇگۇل، دەريانىڭ پاقىسىمۇ يوق!

# قىسىر ئېگىزغا تاشلانغان قەدەم

خۇددى قاتۇرۇپ قويۇلغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ھەيۋەتلىك بۇ بەلدەملەرگە سەكسەنبەل دەپ نام قويۇلغان. شەرقتە قارىتامدىن غەربتە مۇرىياغىچە دەريانىڭ جەنۇبىنى بويلاپ قاتار-قاتار تىزىلغان تۆپىلىكلەر چىپار تىۋىلغا دېگەن مەھەللىگە كەلگەندە تۇتۇشۇپ پارچە-پارچە تۈزلەڭ ئېتىزلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يەرلەر بۇرۇن بىنەم بولغان بولسا، مانا ئەمدى يامانتۇرنىڭ ئۈزلەشكەن تېرىلغۇ يەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. تەگرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ بورھان چوققىسىدىن تەرەپ-تەرەپكە تارالغان سايلاردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ چىپار تىۋىلغىنىڭ بۇ مۇنبەت يەرلىرىنى سۇغۇرىدۇ. ئېشىنچا سۇ سەكسەنبەلنىڭ جىلغىسىدىن چۇشۇپ، دەريا بويىغا جايلاشقان مەھەللىنىڭ باغ-ۋارانلىرىنى سۇغۇرۇپ ئاخىرىدا دەرياغا قويۇلىدۇ. بۇ سۇ ئەزەلدىن توختاپ باقمىغان.

سەكسەنبەلدىكى، ئالدىغا سوزۇلغان ۋە ئېگىزرەك بىر بەلدەمنىڭ چوققىسىدا ھەممە تەرەپكە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۈستى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قەدىمىي تۇر بار. ئات يېتىلىۋالغان بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ توختىدى ۋە ئەتراپقا نەزەر تاشلاشقا باشلىدى. گۇگۇم مەزگىلىدە تۇر، ئات ۋە ئادەمنىڭ گۇڭگا قارا ئىزى كىشىگە لېرىك سۈرەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتەتتى. شۇ تاپتا بۇ كىشىنىڭ تونۇغۇسىز. ئەمما بەستلىك كۆرۈنۈشى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە گىگانت كۆرۈنەتتى.

بۇ كىشى نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟

كوممۇنا، ئەترەتلەر يېزا-كەنتكە ئۆزگەرتىلىپ، كوللېكتىپ يەرلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ بېرىش سىياستى چۈشكەندىن كېيىن، قۇربان قانداق قىلغاندا كەنتنىڭ يېرىنى، دېھقانىنىڭ ھوسۇلىنى كۆپەيتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپ، تەدبىرلەرنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

ئەنە، ئۇ بۇندىن قىرىق يىللار ئىلگىرى شۇ تۇرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، كۆز ئالدىدا خۇددى خەرىتىدەك يېيىلىپ تۇرغان كەڭ يېزىسىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوشنا مەھەللە، قىشلاقلارنى، دەريا ئېقىنىنىڭ يىلانباغرى يۆنىلىشىنى، شۇنىڭدەك يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئابرالنىڭ باغرىدىكى، قاش دەرياسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى يېزىلارنى ھەربىي ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ھەر خىل پىلانلارنى تۈزگەن بولسا، مانا ئەمدى دېھقان باشچىسى كۆزى بىلەن تەكشۈرۈپ، كۆتۈرە بېرىش ئالدىدىن يەرلەرنى تەقسىملەشكە مۇۋاپىق پىلان تۈزمەكتە ئىدى.

- ھوي، قۇرۋانكا، چاپسان چۈش، - پەستىكى ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىدا ئېتىنى يېتىلەپ تۇرغان رىشىت ئۇنىڭغا قول ئىشارىسى قىلىپ

تووْلىدى، - ئۇ قاتتىق مېھمانلار كەلدى، سېنى كۈتۈپ تۇردۇ.

قۇربان كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا كەلگەندە، قورۇقتا باغلانغان تۆت ئاتنى ۋە ئۇ ئاتلارنىڭ ئەڭ تامغىسىنى كۆرۈپ، ئۇ قاتتىكى (ئىلقا تەۋەسىدىكى) تۇڭگانلارنىڭ ئابرويلۇق ئاقساقىلىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - قۇربان ئۇ قاتتىن كەلگەن يېزا باشلىقى گاسىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە سالام-سائەتتىن كېيىن چاقچاق قىلدى، - «ياخشى توشقان ئۆز مەھەللىسىدىن چۆپ يېمەيدۇ» دەۋاتاتتى. سىلەرمۇ ئەمدى بىزنىڭ مەھەللىلەرگە چۆپ ئىزدەپ كەلدىڭلارمۇ نېمە؟ - ئۇ سىنچى كۆزىنى گاسىرغا تىكتى.

- كۆردۇڭلارمۇ، بۇنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى تاپقىنىنى، بىزغۇ سېنىڭ تۇرنىڭ ئۈستىدە ئەترابقا قاراۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ، بىزگە بۆلۈپ بېرىدىغان يەرلەرنى چەنلەۋاتىدۇ دەپ چاقچاقلىشىپ كەلگەنىدۇق، - دەپ قاقاقلاپ كۈلدى گاسىر تۇڭگان.

مەقسەت ئېنىق ئىدى. يېرى ئاز، ئەمگەك كۈچى كۆپ گاسىر ئۆزىنىڭ بويان سەكسەنبەلنىڭ ئاق قالغان بىنەملىرىنى كۆزلەپ يۈرەتتى، ئۇلار پۈتۈشتى.

قۇربان ئوتتۇزمىڭ مو بىنەمنى مو بېشى ھېسابلاپ نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ گاسىرغا ئىجارىگە بەردى.

ھەپتە ئۆتمەي بىر بوغچا پۇل كاسسىرنىڭ قولىغا چۈشتى. نەچچە يىلدىن بېرى، بىرەر باغلام نەق پۇلنى كۆرمەي، قۇرۇق ھۆججەتلەرنى رەتلەپ يۈرگەن رىشىت بۇ پۇللارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن يۈگۈرگىنىچە

قۇرباننىڭ ئۆيىگە چاپتى.

- قۇرۋانكا، مانا پۇل، تۇڭگانلار پۇلنى ئەكىلىپ بەردى، - ئۇ بوغچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. - بانكىغا ئاپىرىشتىن ئىلگىرى سىزنىمۇ كۆزى بىلەن كۆرسۇن دەپ ئەپكەلدىم.

- نىمە، بانكا؟ - قۇربان بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - بانكا دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ يانچۇقى. پۇلىمىزنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىسا ناھىيىمۇ، يېزىمۇ چاڭ سالىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈنتىكىدە پەتۋاسى تەييار. يەر ئىجارىگە بەرگىنىمىزنى ئاڭلىسا، بىزگە قالپىقىنى راسلاپ كېلىدۇ-دە، «شۇڭلاشقا بارلىق قانۇنسىز كىرىملىرى مۇسادىرە قىلىندى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتتى. ماڭ، سەن بېرىپ ئەترەت ھەيئەتلىرىنى چاقىرىپ كەل، مەسلىھەتلىشىپ بىزمۇ نەقنى-نەق خەجلىۋېتەيلى. قۇربان كۆڭلىدە خېلى بۇرۇن تۈزۈپ قويغان پىلانىنى رىشىتقا ئېيتىشقا ئالدىرىمىدى.

بەش ئاقساقال بىرەر سائەتچە باش قوشقاندىن كېيىن، رىشىت بىلەن يەنە بىرسى ئېيتىنى توقۇپ تاغقا-چارۋا ئەترەتكە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

پۇلنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئەزالار ھەممىسى ئۆيلىرىدە ئولتۇرالماي قالغانىدى. بەزىلەر: «ھەي، بۇ پۇلنىڭ پۈت-قولىنى سۇندۇرۇپ ئاشۇلار جايلاپ كېتىدىغان بولدى» دېيىشسە، بەزىلەر: «ئۈستەڭدىن كەلگەن ئىككى غولاچ سۇنىڭ بىزگە كەلگەندە، بىلەكتەك ئېقىنىمۇ تەگمىگىنىدەك، بۇ پۇلمۇ ھاكىمغا قوي سويغان، يېزا باشلىقىغا ئۆكۈز بەرگەن دېگەندەك خۇشامەت باھانىلىرى بىلەن تۈگەپ كېتەرمىكىن» دېيىشەتتى. بىر مۇنچىلىرى بولسا قەرز سوراش ئۈچۈن ھۆججەتلىرىنىمۇ يېزىپ، قۇرباننىڭ يېنىغا كىرىپ يالۋۇرۇپ دەرد ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈردى. ھەقىقەتەنمۇ 10 نەچچە يىل

مابەيندە بىچارە خەلقىنىڭ ئۆيىدە ھېچنەرسە قالمىغانىدى. دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆچكە سىغىپ ئىچىۋاتاتتى ياكى قوشنىسىدىن سۈت سوراپ ئىچىۋاتاتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، رىشتىلار تاغدىن قايتىپ كەلدى. ئۇلار ھەيدەپ كەلگەن موزايلىق سىيىرلار مەھەللىنى زىل-زىلىگە كەلتۈردى. «قورۇۋان ھەممىمىزگە بىردىن سىغىن سىيىر تارقاتقۇدەك» بۇ سۆز چاقماق تېزلىكىدە مەھەللىنى قاپلىدى. خوتۇنلار خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشاتتى. مومايلار كۆزلىرىگە ياش ئالدى. بوۋايلار ساقاللىرىنى سىپاپ: «ياشاپ كەت قورۇۋان. بار ساۋاپنى سەن ئالىدىغان بولدۇڭ»، «ئەلنىڭ غېمىنى ئەر يەيدۇ دېگەن شۇ-دە» دېيىشتى.

دېمىسىمۇ، بايۋەچچىلەر (بۇلار ئەلۋەتتە شەھەرلەردە) بىرەردىن كىچىك ئاپتوموبىلى بولۇشنى، باىلار بىرەر ۋېلىسىپىتى بولۇشنى ئارزۇ قىلغىنىدەك مەھەللە ئاياللىرى بىرەر سىغىن سىيىرى بولۇشنى كېچە-كۈندۈز ئۈمىد قىلاتتى. ھەرقانداق ئايالنىڭ ھەر كۈنكى چاي سۆھبىتى ئالدى بىلەن ئەتكەن چاينى راسلىغان سۈتنىڭ ئىگىسى، سىيىر ھەققىدە باشلىناتتى. بىر ئۆيلۈك ئۈچۈن ئۈچ-تۆت يۈز سوم تەييارلاپ، بىرەر سىيىر سېتىۋېلىش پەقەت ھەر يىلنىڭ بېشىدىكى شېرىن خىياللا بولۇپ قالاتتى. يىللار تىلىگەن تىلەك بىر يولىلا ھەل بولۇپ، ھەممە شادلىققا چۆمدى. كىشىلەر قولىدىكى چەك نومۇرىغا قاراپ، سىيىرلارنىڭ مۈڭگۈزىدىكى نومۇرلارنى توغرىلاپ، ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان سىيىرنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى، بەزىلەر موزايلىرىنى ئىزدىشەتتى.

- توختاڭلار! - ناھايىتىمۇ سۈرلۈك ۋە تونۇش بۇ ئاۋاز ھەممىسىنى جىم قىلدى. بۇ يېزا ئاقساقىلى ئۈچىسىغا قاپقارا چىپەرقۇتتىن ئىشتان-چاپان،

بېشىغا قاما قۇلاقچا كىيگەن مۇتەللىپ ئىدى. ئۇ قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ يەنە توۋلىدى. - ھەي قۇرۋان، كەنتنى بۇلاۋاتامسىلەر نېمە؟

- ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئۆيىنى بۇلىمايدۇ. ساڭا ئوخشاش سىرتتىن كەلگەنلەر بۇلايدۇ. - قۇربان ھەم چاقچاق ھەم زەردە بىلەن تەنە قىلىپ شۇ سۆزنى قىلدى-دە، ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى.

- تېخى ئەتىگەن ئاڭلىدىم. - مۇتەللىپ ئاستا ئاتتىن چۈشتى. ئۇ قاپىقىنى ئاچماي قۇربانىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. - سەن نېمانچە باشباشتاق نېمىسەن؟ ھۆكۈمەتنىڭ يېرىنى ئۆز مەيلىڭچە سېتىپ، يەنە كېلىپ تەشكىلگە خەۋەرمۇ قىلماي ئۆلەشتۇرگىلى تۇرغىنىڭ نېمىسى؟

- ھۆكۈمەتنىڭ يېرى؟ ھۆكۈمەت دېگەن سارايدا ئولتۇرغانلارلا ئەمەس، بىزمۇ شۇ. ئەلمىساقتىن بېرى ئەۋلادىمىز ساقلاپ كەلگەن بۇ يەرنى ئاق ئورۇسقىمۇ، گومىنداڭغىمۇ بەرمەي قولىمىزدا تۇتۇپ تۇردۇق. ساتساق كۆكنى ساتتۇق، تۇڭگانلار بىنەمنى نىڭشاغا كۆچۈرۈپ كەتمەيدىغۇ؟ ئاق تۇرسا تۇرنۇۋېردۇ. خەلقنىڭ غېمىنى يېسەك بولمامدىكەن. شۇ بىچارىلەرنىڭ ئارىسىدا كۈندە بىر چىنە ئاق تىلەپ چاي ئىچىدىغان سېنىڭ تۇغقانلىرىڭمۇ بارغۇ؟

- قۇرۋان، بۇ ئىشلارنى ناھىيە بىلىپ قالىدىغان بولسا، يەنە موللاق ئاتىسەن.- مۇتەللىپ جىددىي ئاگاھلاندۇردى.

- مېنى بۇ يەرگە ناھىيىدىن دوتەي قىلىپ ئەۋەتمىگەن. مانا مۇشۇلار سايلىغان. موللاق ئاتقۇزسىمۇ مۇشۇلار ئاتقۇزىدۇ. مېنىڭ پەرۋايىم يوق.

- بۇ چەكتىن ئاشقان ھۆكۈمەتسىزلىك.

- بىز ھۆكۈمەتسىزلىك قىلىپ سېنىڭ ئىشخانائىڭدىكى تامغائىڭنى بۇلۇشۇۋالمىدۇق.- ئۇلار كەسكىن تالىشاتتى. دېھقانلار بولسا قولىدىكى سىيىرلىرىنى باللىرىدىن ماڭغۇزۇۋېتىپ ئەتراپقا دۆۋىلىشىپ تۇرۇپ سۆزلەرگە قۇلاق سالاتتى.

مۇتەللىپ سۆزلىگەنسېرى ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى قۇربانىنىڭ گەپلىرى ھەقتەك قىلاتتى. ئۆمۈر بويى ئىشلەپ قارىداپ كەتكەن، قورۇق باسقان سانسىز تونۇش چىرايلار قۇربانغا مېھرىبانلىق بىلەن ھېسداشلىق قىلسا، مۇتەللىپكە قانداقتۇر قورقۇنچ ئىچىدە غەزەپلىك ھۆمايماقتا ئىدى.

- ئەسلىدە، تۇرۇپ تۇرغان بولساڭ، بىز مۇۋاپىق بىر نەرسە دېيەلمەك بولماسمىدى، - مۇتەللىپنىڭ بۇ سۆزى سېپايە چىقتى.

- ۋاي، سىلەرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭلار كۆپچىلىككە مەلۇمغۇ؟ تېخى نەچچە يىل ئىلگىرىلا خەقنىڭ سىيىرلىرىنى ئەپكەتكەن سىلەرغۇ. ھەتتا دەرۋازىلىرىنىمۇ قومۇرۇپ، - قۇربان تازا كەلتۈرۈپ دەۋالغان بۇ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كەتتى.

- بوپتۇ، بىلگەن پوقۇڭلارنى يەڭلار، - مۇتەللىپ ئاتقا چىقتى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ، - ئىش قىلىپ ياخشى خەۋەر كۈتمەڭلار، - دېدى-دە، ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ كېتىپ قالدى.

- ھوي، مۇتەللىپ ئۆيگە كىرىپ ماڭمامسەن؟ - قۇربانىنىڭ تەكەللۇبى جاۋابسىز قالدى.

تۇڭگانلار تىرىمنى قانداق ھېسابلىدى. ئىشقىلىپ ئىجارە ئالغان بىنەمگە سىيالكىلىرىنى ئون كۈن بۇرۇن ئەپكېلىپ ئۇرۇق چېچىۋەتتى.

قۇربان ناھىيىگە چاقىرتىلدى. گاسىرمۇ چاقىرتىلغانىدى. دۆلەتنىڭ ياپلاق قانۇنىغا ئاساسەن، قۇربان كۆكىنى سېتىۋەتكەن بىنەم ئەسلىدە ياپلاق يېرى بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىندى. ئەمما، گاسىر تۆگكان توختامنى ئۈتتۈرىغا تاشلىدى. توختام ئىككى ناھىيىدىكى ئىككى كەنت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەنلىكتىن گاسىر ئۇنى ئوبلاستلىق قانۇنىي گۇۋاھلىق ئورنىغا ئاپىرىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. توختام ياپلاق قانۇنىنى ۋە ناھىيىنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىسىنى ئۇقتۇرغان كۈندىن بۇرۇن تۈزۈلگەن. يەنە كېلىپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا، ناھىيە مەسئۇلى ياپلاق قانۇنىنى يېزا-كەنتلەرگە ۋاقتىدا ئۇقتۇرمىغان ۋە باستۇرۇپ قويغان يېزا كادىرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە بۇ كۈچكە ئىگە توختامنى بىر يىل ئىجرا قىلىش، كېلەر يىلى بىنەمنى ياپلاققا ئايلاندۇرۇشنى بەلگىلىدى.

قۇربان ئۇتتى.

## ئادالەتسىز تەقسىمات

ناھىيە ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن يەرلەرنى كۆتۈرە بېرىش، توختام تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى چۈشتى. ئۇلار كۈندۈزلىرى مۇنداقلا ئىچىپ قويغان ھۆججەت ئۆگىنىش، ئەھۋال ئىگىلەش يىغىنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن كەچقۇرۇنلىرى پاقلان چايلىرى، خۇشامەت مېھماندارچىلىقلىرى، ئۇرۇق-تۇغقان زىياپىتى قاتارلىقلار بىلەن كەچكى سورۇنلاردا توختام ئاساسىنى تىكلىمەكتە ئىدى. يەرنىڭ ئۆي-دۆگى، ئۇرۇق-سېمىزىنى ئوبدان بىلىدىغان دېھقانلار ھەدەپ ئۇلارنى مېھمان قىلىپ ياخشىراق ۋە كۆپرەك

يەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ھەر كېلىشىدە بىر تالاي ئاپەتنى سۆرەپ كېلىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرىدىن جاق تويۇپ كەتكەن قۇربان بۇ قېتىم كەلگەن گۇرۇپپىغىمۇ ئانچە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ «ھەممە ئادەم باراۋەر، ھەر كىمنىڭ يەككە ۋە شېرىكلىشىپ تەلەپ قىلىش، ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى بار، يۇقىرى ئورۇن تەستىقلايدۇ» دېگەندەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەركىبىنى كۆزىتىپ بېقىپ قولىنى سىلكىدى-دە، ھەتتا يەرمۇ تەلەپ قىلماي جىم يېتىۋالدى.

دېھقان دېگەن ئاجايىپ بولىدۇ، سەن ئاڭا مەنپەئەت بەرسەڭ بىردەمدىلا بېشىدا كۆتۈرىدۇ. ئەتىسى باشقا بىرسى مەنپەئەت بەرسە سېنى ئۇنتۇيدۇ. ھېچكىم قۇرباندىن ھالىڭ نېچۈك دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ئەمما يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ سالام بېرىدىغانلار كۆنسېرى كۆپەيدى.

شۇ كۈنلەردە مۇتەللىپنىڭ ئۆيىدە ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. زىياپەتكە ناھىيىدىن كەلگەن يەرلەرنى كۆتۈرە بېرىش رەھبەرلىك ئىشخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەمدە يېزىدىكى باشلىقلار جەم بولۇپ، يەر كۆتۈرە بېرىش گۇرۇپپا باشلىقى، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ۋاڭ بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىردىنبىر كوڭگىغا چۈشىدىغان ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ پارتكومدا ئەمەلدارلارنى تەيىنلەيدىغان تەشكىلات خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن سېكرېتار ئىدى. بۈگۈنكى زىياپەتمۇ توغرىسى ئۇنىڭ شەرىپىگە بېرىلمەكتە ئىدى.

يىراقتىن توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان كوڭگىنىڭ شەپىسىنى كۆرگەن مۇتەللىپ ئىشىك ئالدىدا ھاياجانلانغان ھالدا «ۋاڭشۇجى كەلدى» دەپ

ۋارقىرىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. ماشىرەك كىچىك ئاپتوموبىل قورو ئالدىدا توختاپ شوپۇر يەرگە چۈشۈپ بولغىچە، مۇتەللىپ ئالدىراپ بېرىپ ئاپتوموبىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ «ۋاڭشۈجىنى قارشى ئالىمىز» دەپ خىتايچە سۆزلەپ ھىجايدى. ۋاڭ يىپىنچاقلىۋالغان ھەربىيچە پەلتوسىنى مۇتەللىپكە تۇتقۇزۇپ مېھمانخانا ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. مېھمانخانىدىكى 6-7 كىشى ئالىلقاچان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىدا تەق بولۇشقان ئىدى. ۋاڭ تونۇيدىغان ، تونۇمايدىغان ئۈششاق ئەمەلدارلارغا قولىنى خوشياقمىغاندەك تەڭلەپ كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئايقىنىمۇ سالماستىن تۆرگە چىقىپ، يولۋاس تېرىسىدىن ھازىرلانغان كۆرپىگە ئولتۇردى- دە داسقاندىكى ئۈلار، بۆدۈنە، توخو گۆشلىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ كەتتى:

- مۇ جۇرېن بەك كايىپ كېتىپسىز، مەن مۇنداقلا يوقلاپ كېلەي دېگەن ئىدىم. تۇرمۇشۇڭلار بەكلا ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. خۇددى شەھەرلەردىكى زىياپەتخانىلاردەك ئىسىل يېمەكلەرنى تېزنۇتىپسىلەرغۇ؟- ئۇ سۆزلىگەچ تەكەللۇپسىزلا قىزارتىپ پىشۇرۇلغان بېلىقنى قولىنى سوزدى. مۇتەللىپ بېشىنى ئېگىپ كولۇمسىرەپ:

- شۇنداق ۋاڭشۈجى، پارتىيىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە دېھقانلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كەتتى. بۇ ھەممىسى سىزنىڭ شەرىپىڭىز ئۈچۈن. ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن پەخىرلىنىمىز.- دېدى ۋە ئولتۇرغانلارغا قاراپ مەغرۇر قىياپەتتە گېدىيىۋالدى. ۋاڭ ئەتراپتىكىلەرنىڭ خۇشامەتلىرىگە قاراپمۇ قويماي ھەمدە خوشمۇ دەپ قويماي ئاچكۆزلەرچە ئىشتەي بىلەن داسقاندىكى يېمەكلەرنىڭ تەمىنى تېتىماقتا، پوتۇلكىدىكى ھاراقنى رومكىغا قۇيماقتا ئىدى. مۇتەللىپ توختىماي سۆزلىمەكتە:

- بىز يېزىدىكى مەسئۇل كادىرلار سىلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ناھىيىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئەستايىدىل كېڭەشىپ، كۆتۈرە بېرىلىدىغان يەر تەقسىماتى ھەققىدە دەسلەپكى پىلاننى تۈزۈپ قويغان ئىدۇق.

- ھە، ھە، ئاساسقاتلامدىكى يولداشلارغا ئىشىنىمىز. ئەتە بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈۋېتەرمىز- ۋاڭ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي قولىدىكى ئۇلار پاچىقى بىلەن ھەپىلەشمەكتە ئىدى.

- بىز يەنە، ناھىيە پارتكومىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئىككى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 20 مىڭ مودەك يەرنى ئايرىپ قىلىپ، ئىچكىرىدىن كېلىدىغان مېھمان دېھقانلار ئۈچۈن مەھەللە قۇرۇشقا تەييارلاپ قويدۇق.- مۇتەللىپنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋاڭ قولىدىكى توخو پاچىقىنى ئالدىغا تاشلاپ:

- ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ناھىيىمىز بويىچە سىلەر بىرىنچى بولۇپ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ ئۈلگە كۆرسىتىپسىلەر، مۇ جۇرىن سىزنىڭ بۇ تۆھپىڭىزنى پارتىيىمىز ئۇنۇتمايدۇ.- دېدى قاقاھلاپ كۈلۈپ ۋە ئارقىدىنلا بىر نەرسىنى ئەسلىگەندەك تۇرۇۋېتىپ، قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ يان دەپتىرىنى چىقىرىپ ۋاراقلاپ قاراۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.- سىلەردە ئورۇمچىدە ئوقۇغان قۇربان دېگەن بىر ياش بار ئىكەن. ئۇ مەن كېلىشتىن ئىلگىرى ناھىيىدە سىلەرنىڭ يېزىنىڭ باشلىقلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلىپتىكەن، ئاراڭلاردا بارمۇ- يوق؟

مۇتەللىپ ئەتراپتىكىلەرگە گەپ قىلماڭلار دېگەندەك بىر قۇر قاراۋېتىپ ۋاڭغا قاراپ دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

-ۋاڭشۇجى سىز يېڭى كەلدىڭىز ، بۇ يەرنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتىنى

بىلمەيسىز، سىزدىن ئاۋۋالقى مۇئاۋىن سېكرېتار ئابدۇراھمانوف ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇرۇمچىدىكى زەنجىرسىمان تەشكىلات دېگەن ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى دەپ قولغا ئېلىندى. قۇربان دېگىنىڭىز شۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرى، ھېلىقى يەرلىك ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن.

- شۇنداقمۇ.- دەپ قويدى ۋاڭ يەۋاتقان تامىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

مۇتەللىپ ئەتراپتىكىلەرگە مەنالىق قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

مەھەللىنىڭ كۆتۈرە بېرىدىغان يەر تەقسىماتى قۇربانىسىز ئاياغلاشتى. توختاملار قانۇنىي ھەيۋىلەر بىلەن جاكارلاندى. تەقسىمات يەرنىڭ ياخشى-يامان، ئۇرۇق-سېمىزلىكىگە، دېھقاننىڭ ناھىيە، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇق-تۇغقان، يار - بۇرادەرچىلىكىنىڭ يېقىن-يىراقلىقىغا قاراپ، ھەرھالدا دەرىجە بويىچە يول قويغان ئاساستا خۇددى تۆلكە تەقسىماتىدەك ئۇرۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

- بىزچۇ؟ - يۆلەنچۈكسىز بولغىنى ئۈچۈن ھەر قېتىملىق شامالدىن دالدا قىلالمايدىغان بەش-ئالتە ئۆيلۈك يەرسىز قالغانىدى. ئۇلار توختام ئۈچۈن ئىلتىماس يازمىغىنى، تەلەپ قىلمىغىنى ئۈچۈن گۇناھى ئۆزىگە ئىدى.

- بىزچۇ دەيسلەر، مەنچۇ؟ توختام يەرنى مەن ئەمەس، مۇتەللىپ تەقسىم قىلدى. كۆردۈڭلارغۇ؟- قۇربان ئۇلارغا نە ئىچ ئاغرىتىشنى، نە ئاچچىقلىنىشنى بىلمەي ئاددىلا جاۋاب بەردى.

- ئاناڭنى مۇتىھەملەر، گۇڭسەنداك كەلگەندە، سايىنى ئېچىپ ئىگىلىگەن

كىچىككىنە بىر پارچە يېرى ئۈچۈن دادامنى باي دېھقان قىلىپ قويۇپ دەردىنى ئۈمۈر بويى مەن تارتتىم. ئەمدى بىچارە بالىلىرىمغىمۇ كۈن يوق ئوخشىمامدۇ؟ قاراڭلار، ئەمدى كەمبەغەل دېھقان دېگەنلىرىمۇ دادامدىن چىق ئىگىلىۋالدىغۇ؟ ھۆكۈمەت ئەكىلىتىپ ئۆگىتىپ قويغان ئۇ ھورۇنلارنىڭ ئىشلەپ تاپقىنىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي قېنى؟ - مىجىت قايناپ كەتتى.

- قۇرۇق گېپىڭنى قوي، - قۇربان ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ دەردىنى تۆكۈپ كەلگەنلەرگە كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. - ئېسىمدە قېلىشىچە، كوپېراتىپ ۋاقتىدا خۇددى مۇشۇنداق يەر بۆلۈشكەن ئىدۇق. قېنى قوشۇلساڭلار، ھەممىمىز بىر كوپېراتىپ بولايلى. مۇنداق ئېيتقاندا شېرىك، ھەممىمىزنىڭ ئىشىمىز ئۆزىمىزگە.

- يەرنى قانداق قىلىمىز؟

- تاشيول بويىدىكى قىسىر ئېڭىز ئېسىڭلاردىمۇ؟ بىرەر-ئىككى يۈز مو يەر چىقىدۇ.

- سۇنى قانداق قىلىمىز؟

- چۈشۈرگە بىلەن ئارىلىقى 200 مېتىر چىقمايدۇ. مەن نەچچە رەت تەكشۈرۈپ باققان، ئېرىق ئېچىپ سۇنى ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگىنىڭ سۈيى تۈگىمەس سۇ.

- ھەي، قىسىر ئېڭىز ئەسىرلەردىن بويى زەي بوپكەتكەن يەر تۇرسا؟

- بەللى، گەپ شۇ يەردە. تراكتور سىلىپ بىر زەيكەش كولايمىز-دە، مەسىلە ھەل بولىدۇ.

- تراكتور جىق پۇل ئەپكېتەرمىكىن؟

- خاتىرجەم بول، بەش-ئالتىمىزگە چاچقاندا ھېچقانچە بولمايدۇ. يەنە كېلىپ پۇلنى كۆزگە بېرىدىغانغا دېيىشىمىز. يەنە تېخى زەيكەشلىكتىن بوز يەر ئاچقانلىقىمىز ئۈچۈن 5 يىلغىچە غەللە، پاراق تاپشۇرمايمىز.

- قېنى ئەمىسە كېلىشتۇق.

قۇربان باشچىلىقىدىكى بەش دېھقاننىڭ قىسىر ئېگىزنى كۆتۈرە ئېلىشقا توختام تۈزگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھەممە ھاڭ-تاڭ قالدى.

ئەسىرلەر تىلغانمىغان قىسىر ئېگىز ئويغىنىشقا باشلىدى.

# چىنار يىقىلدى

قۇرباننىڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ بىر يىل ئۆتكەندە، قىينئاتىسى ئىسمايىل قارىھاجىمنىڭ ھەققە سەپەر قىلغانلىقى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن ناھىيىگە ۋە ئەتراپقا تارقالدى. قارىھاجىمنىڭ نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ غۇلجىدىن كەلگەن سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن ھازىرقى ۋىلايەت باشلىقلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش مەسئۇللىرى، شۇنداقلا ناھىيىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كىچىك ئاپتوموبىللىرى ئاقتۆپە مەھەللىسىنىڭ كوچىلىرىغا پاتماي قالدى. توققۇزتارا خەلقى ھەممىسى كۆتۈرۈلۈپ دېگىدەك بۇ يەرگە يىغىلغان ئىدى. ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىن، يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلار، ئاتلىق چارۋىچىلار، مەكتەپ باللىرى بولۇپ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك جامائەت توپى شەكىللەنگەن ئىدى.

قارىھاجىمنىڭ ھويلىسىغا لىق تولغان ئاياللار ، ئاپئاق رومال ئارتىپ، ئاق باغلىغان ھازىدارلارغا ماس ھەمدەم بولۇپ يىغلاپ ھازا ئاچماقتا. قۇربان باشچىلىقىدىكى بىر توپ ھازىدار ئەرلەر مېيىتنى يۇغان ئۆيدىن تاختىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىپ جىنازىغا يەرلەشتۈرۈشكە باشلىغاندا، ئەتراپتىكىلەر بىردىنلا چۇقان سېلىپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. جىنازا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ساناقسىز قوللار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىنتىلمەكتە، ھەممىنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلمەكتە. «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن تەكبىر ئاۋازى بىلەن ئاسماندا لەيلەپ كېتىۋاتقان جىنازىنىڭ ئالدىدا بېلىگە ئاق باغلىغان قۇربان باشلىق ھازىدارلار ۋە بېشىغا ئاق شايىدىن سەللە يۆگىگەن موللا، قارىلار سەپ بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

جامائەت ئاقتۆپىدىكى كونا شېھىتلىك دەپ ئاتالغان قەبرىستانلىققا كەلگەندە جىنازىنى يەرگە قويۇپ، ئەتراپقا ئولىشىپ جىم بولۇشتى. قۇربان مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن يەتتە كەتمەن توپا تاشلاپ بولۇپ، قولىنى قوشتۇرغان ھالدا:

- تەخسىر داموللام، رەھمەتلىك پەدەرىمىز قانداق كىشىكەن؟ - دېدى كىگىز ئۈستىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرغان مۆيسىپىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان سەللىلىك سەلەيھاجىم داموللامغا قاراپ. ناھىيىلىك بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئىسمايىل قارىھاجىمنىڭ ھەج سەپىدىشى سەلەيھاجىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپتىكى جامائەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ، كۆپچىلىككە ئاڭلانغىدەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى بەرەكاتۇھۇ، مۇھتەرەم جامائەت بۈگۈن بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى بىر چىنار دەرەخ يىقىلدى، يۇرەك

- قەلبىمىزدىن بىر يۇلتۇز ئاقتى، كۆڭۈل كۆكسىمىزنى مۇسىبەت بۇلۇتلىرى قاپلىدى. مەرھۇم قارىھاجىم مۆتىۋەرلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ئەسناسىدا قۇرئانى كەرىمنى يېتەكچى قىلىپ، خەلقنى ئىستىقلال يولىغا باشلىغان، بىر قولىدا قۇرئان، بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان مۇجاھىدلىرىمىز ئىدى. مەرھۇم ياشلىقىدا ئۇرۇمچى، قەشقەر، خوتەنلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئابدۇلقادىر داموللام، ئەسەدۇللاھ داموللاملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان، شاھىيمەردان داموللام، ئابدۇلھېكىم مەخسۇم، ئابدۇلئەزىز مەخسۇملار بىلەن بىللە ساۋاق ئالغان. قۇتلۇق شەۋقىي، نىمشېھىت ئارمىيە دامولالاملار بىلەن بىللە ھەج قىلغان، ئازادلىق ئۇرۇشىدا ئۇنمىگىلىغان غازىلىرىمىزنىڭ نامىزىغا خاتىپ بولۇپ، مىڭلىغان شېھىتلىرىمىزنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن. جۇمھۇر رەئىسىمىز مارشال ئەلىخان تۆرە ھەزرەتلىرى ۋە رەھبىرىمىز ئەھمەتجان قاسىملار بىلەن ھەمسۆھبەت، ھەمداسقان بولغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر پىشقەدەم ئاقساقىلىمىز ئىدى.

مەرھۇم يۇرتىنىڭ تىنچ- ئاسايىشلىقى، ئاۋامنىڭ ھىدايەت يولىدا مېڭىشى، ياشلارنىڭ ۋەتەن، مىللەتنى سۆيۈشى يولىدا قىلغان ۋەز - نەسىھەتلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت ئەيلىسۇن، قۇرئانى كەرىمنى ئۇنىڭغا ھەمراھ ئەيلىسۇن.- ئامىن.

ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەن جامائەت قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. قۇربان مەرھۇم قېبىناتىسىنىڭ يەرلىكىگە كەلگەن خەلقنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە قېبىناتىسىغا بېرىلگەن باھالاردىن پەخىرلىنىپ ئەتراپقا كۆز يۈگرۈتتى.

# خىتاي مەھەللىسى

يامانتۇر كەنتىدىكى ئاياللار ياز كۈنلىرى ئەتىگەندە ئېرىنى ئىشقا، بالىلىرىنى مەكتەپكە، ماللىرىنى پادىغا يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، خەلىچىخاننىڭ دەرەخ سايىسى كەڭ سوپىغا چۈشىدىغان ھويلىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ قايماق چېيىنى ئىچكەچ، تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىدىغان ئادىتىنى ھېچ يوقاتمىدى.

- خەلىچىخان ھەدەمنىڭ ئوخشىغان قايماق چېيىنى دېمىسە، ئۆيدە ئىشىمىز ئازمىدى،- بۇ يەرگە بىر - ئىككىدىن يىغىلغان ئاياللارنىڭ يىنىك چاقچاقلىرىغا كۈلۈپ قالغان خەلىچىخان ئاللىقاچان يوغان كورىدا ھازىرلانغان چېيىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ نوگاي بىلەن سورۇشقا باشلايتتى.

بۈگۈنكى سۆھبەت ئېرى بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ كەلگەن تۇردىخاننىڭ ئۆيىدىكى پەتىگە توغرا كەلدى. گۈلبۇۋى داسقانىغا ئورالغان خام چېيىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن كىرگىنىدە، تۇردىخان ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كۆرگەنلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى.

- ۋاي- ۋۇي ھېلىقى بىنانىڭ ئېگىزلىكى، قاراڭ، ئاسمانغا تاقاشقىدەكلا، ئالدىرىماي ساناپ چىقتىم، 8 قەۋەتكەن ئەمەسمۇ؟ ھەراس، بىر كۈنى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ پويىز كۆرگىلى باردۇق. ئاپتوبۇسقا ئوخشايدىغان 20- 30 ۋاگوننى بىر - بىرىگە چېتىپ ئالدىدىكى بۇقىسى سۆرەپ ماڭىدىكەن. نەچچە يۈز ئادەم سىغىدىكەن ئىچىگە. بىز بارغان چاغدا خىتاي شەھىرىدىن بىر پويىز كەلدى. نەچچە يۈز خىتاينى ئەپكەپ بىراقلا تۆكۈۋەتتى. يۈك - تاقىسىنى ئەپكەشكە، بالىلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان ئەبگا خىتايلار

قولىدىكى غىدىر قاچىسىنى تەڭلەپلا تىلەمچىلىككە كەپتۇ ئەمەسمۇ؟

- بۇ يەردە خىتاي كۆرمەي چوڭ بولۇپتۇق، تازا تويۇپسىزدە ئۇ بۇرنى يوقلارغا.- بىر خوتۇن ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ شۇنداق دىدى ۋە دەرھال جاۋابىنى ئالدى:

- ھۆيت خېنىم، كۇندە دىگۇدەك ئىككى - ئۈچ خىتاينى ئىشىك ئالدىدا ساقلىتىپ قويۇپ نىمە سودا قىلىۋاتىلا؟ خىتاي كۆرمىدىم دەيدا تېخى؟

- ۋاي ئاللاھ، مۇنۇنىڭ يامانلىقىنى قاراڭلار، بىر كۇنى يىڭى قورۇلغان خىتاي ئەتىرىتىدىكى خىتايلار تۇخۇم بارمۇ، سېتىۋالىمىز دەپ كەپتۇ، سۆەتتە كۆتۈرۈپ چىقسام، بىرىنى بەش تىيىندىن ساناپ ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ خىتايلار ئۆگىنىپ قالدى دەڭا، كۇندە كېلىۋالىدۇ.

- ھە، ئەرلىرى شۇڭا بازاردىن بىر مۇنچە مىكيان ئەكىلىپ بېرىپتىكەن - دە.

- ۋاي سىلەر، ئاڭلىماپسىلەردە، خىتاي ئەترەتنىڭ ئىككى يېنىدىكىلەر ھەممىسى سودىگەر بولۇپ كەتتى. ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ بىز سەھرالاردا سۈت، تۇخۇم، كۆكتات، مېۋە سېتىپ باقمىغان ئىدۇق، ھاجەت بولساق سوراپ ئالاتتۇق، قوشنىلارغا چىقارتىپ بېرەردۇق، مانا ئەمدى بۇ ئاچ خىتايلار پۇلنى تەڭلەپ تۇرۇپ ھەممە نەرسىنى سېتىۋېلىۋاتىدۇ.

- خېنىم دىققەت قىلىسىلا، ئەتە - ئۆگۈن سىلىنىمۇ سېتىۋالمىسۇن يەنە.- ھا ھا ھا . ئاياللار كۇلۇشۇپ كەتتى. گۇلبوۋى جىددىيرەك تەلەپپۇزدا سۆز باشلىدى:

- بىلەمسىلەر، بۇ خىتايلار گاللىۋاڭ ئەمەس، بىزدىن بىكارغا ئالغاندەك سېتىۋېلىپ يىققان، تۇخۇم، سۈت، كۆكتاتلىرىنى يەمدىكىن دەمسىلەر؟ ياق، ئۇلار ۋېلىسىپىتكە ئارتىپ ئەتىگەنگە ئۈلگۈرتۈپ بازارغا ئەكىرىپ نەچچە ھەسسە قىممەت پۇلغا يەنە ئۇيغۇرلارغا ساتىدۇ. قارىمامسىلەر، ئاچ قاپتۇ، بىچارىكەن دەپ يەرلىرىمىزنى بەردۇق، ئۆي سېلىپ بەردۇق، ئەتە - ئۆگۈن ئۆي ئىگىسىنى تالاغا قوغلىمىسىلا بولاتتىغۇ بۇلار.

- ھەي، ئاقتۆپىدىكى، گۈرجىلغىدىكى تۇغقانلار بازارغا ماڭغىچە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرۈپتەك، بىر ئىگىز كاتەكتەك ئۆيدە بەش - ئالتىسى ياتىدىكەن، تامىقىنىمۇ شۇ ئۆيدە ئېتىدىكەن، ياتىدىغان ياغاچ كاتلىرىنىڭ ئاستىدا توخو، چوشقا باقىدىكەن. بىر جاۋۇرنى يۈز يۇسىمۇ، كۆكتات ئادالىسىمۇ، تاماق يېسىمۇ ئىشلىتىۋېرىدىكەن.

-ئەتە - ئۆگۈن كۈرىسلەر بۇلارنى، قانات، قۇيرۇقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، بېشىمىزغا چىقمىسا بولاتتىغۇ؟

ئاياللار خىتايلار ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىنىڭ ئاخىرىنى ۋەھىملىك، قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ تارقىلىشتى.

چۈشۈرگىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر

6 - ئاي، يەر جاھان ئىسسىق ھارارەت دەستىدىن چاك-چاك يېرىلىشقا باشلىغانىدى. تاشيولنىڭ بويىدىكى قىسىر ئېگىز دەپ ئاتالغان بىر پارچە يەرگە بۇغداي تېرىلغانىدى. ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرى ھەم بولۇق ھەم ئېگىز بولۇپ، يەنە ئىككى رەت سۇ ئىچىۋالسا ئورمىغا ئۈلگۈرەتتى.

80 پۈتۈن كىشلەرگە تەۋەككۈلچىلىكتەك تۇيۇلغان بۇ تېرىم يېرى

نەچچە مولۇق بوغداي گويا ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ كۆرگەزمە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ ئاپتوموبىلىنى توختىتىپ چۈشۈپ بىر پەس قاراپ قوياتتى. بوغدايلار تىزدىن ئېشىپ، باشاق تۇتۇشقا باشلىغاندىلا ئالاھىدە ھوسۇلدىن دېرەك بېرىۋاتقان بۇ يېڭىلىققا قىزىققانلار قۇربانىنى ماختاپ قوياتتى.

ھاۋا تازا قاتتىق قىزىپ كەتكەندە بوۋايلار، «ھەي، ھاۋانىڭ بىر جۇدۇنى بار جۇمۇ؟» دەپ قويۇشىدۇ. ئەمەلدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. گەپ-سۆزى كۆپ تىلغا چىقىپ قالغان بىرەر نەرسىگىمۇ «ھەي ئېتى ئۇلۇغ بولۇپ قالدى، بىرەر پىشكەللىك كەلمىگىدى» دەپ قويۇشىدۇ. كۈتۈلمىگەندە كۈتكەنلىرىمۇ بولىدۇ.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولدى.

بىر كۈنى سەھەردە چۈشۈرگىدىكى قىسىر ئېڭىزغا شېرىك بولغان تەۋەككۇل ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قۇربانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئېتىنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ ئۈن سېلىپ ۋارقىرىدى.

- قۇرۋانكا چاپسان بول؛ بوغدايلىرىمىز تۈگەشتى! - ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، شېرىن خىياللار بىلەن ئولتۇرغان قۇربان چۆچۈپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ تالاغا چىقتى.

ھەش-پەش دېگۈچە بەش دېھقان ئېتىز بېشىغا يېتىپ كەلدى. مەلۇم بولدىكى، چۈشۈرگىدىن ئېتىزغا قاراپ چىپىلغان كىچىككىنە ئېرىقنى بۇزۇپ ئېقىپ كەلگەن سۇ خۇددى كەلكۈندەك پۈتۈن ئېتىزغا شىغىل تاشلىۋەتكەنىدى.

- بۇ نېمە ئىش؟ - قۇربان تەۋەككۇلگە قارىدى. تەۋەككۇل يېرىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن سەھەردە كېلىپ كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەسلىدە ئېتىز بىلەن چۇشۇرگىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قانچە يۈز مېتىر كەڭ يەردە قەدىمىي سۇ يولى بولۇپ، قاچانلاردۇر يىغىلىپ قالغان قېلىن-قېلىن قۇم دۆۋىلىرى چۇشۇرگىنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇيغۇر ئۆستىڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چۇشۇرگىسى ئاشۇ قۇم دۆۋىلىرى ئىچىدىن ئايلىنىپ ئىلى دەرياسىغا قويۇلاتتى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى خىتاي ئەترەتكە كۆكتات تېرىشقا ياردەم بەرگىلى كەلگەن خىتاي ئەسكەرلەر بۇ يەردە چېدىر تىكىپ قۇم دۆۋىلىرىنى يۈك ئاپتوموبىلىغا قاچىلاپ نەلەرگىدۇر توشۇۋاتاتتى. ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەسكەرلەر تراكتوردا قۇم دۆۋىلىرىنى ئىتتىرىپ سۇنى قىناپ قويغانىدى. ئېقىننى يوقاتقان سۇ كېچىچە قىسىر ئېگىزدىكى بوغدايلىققا بېسىپ كىرىپ پۈتۈن بوغداي مايسىلىرىنى قۇمغا تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

- «ھەي، بىتەلەيگە سۇ كەلسە، چوڭ توغاندىن يار كەتتى» دېگەن شۇ-دە.

- ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

قۇربان ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا پىسەنت قىلماي نېمىنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. ئۇ قۇم دۆۋىلىرىنى ئارىلاپ سۇ ئېقىننى كۆرۈپ چىقتى-دە، شېرىكلىرىگە قاراپ توۋلىدى:

- جۇرۇڭلار، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىمىز.

ئەرزنىڭ قويرۇقى چىقمىدى. تۆلەپ بېرىلگەن 800 سوم پۇل يەرگە

چاچقان ئۇرۇقىنىڭ ھەققىگىمۇ يەتمەيتتى. ئۇلار ھەر ھالدا ئەپلەپ-سەپلەپ بۇغداي، سامىنىنى خامانغا توشۇۋالدى ۋە قەدىر ئەھۋال ھوسۇل ئېلىۋالدى.

قىشچە مەشرەپنىڭ باش پارىڭى شېغىل تاشلىۋەتكەن قىسىر ئېگىزنىڭ دەۋاسى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر بىلەن قىزىدى.

ئىككىنچى يىلى يازدا بۇ جېدەل يەنە داۋاملاشتى.

- قۇرۋانكا، چاپسان بول، ئىش چاتاق بولدى، - بۇ قېتىم مىجىت ئاتلىق چېپىپ كەلگەنىدى.

بەش دېھقان ئېتىز بېشىغا كەلگەندە ئەسكەرلەر خىيالىدا يوق، قۇم دۆۋىلىرىنى تۇرۇپ-تۇرۇپ يىغىۋاتاتتى. دېھقانلار مىڭ تەسلىكتە ئېقىنغا چۇشۇرۇپ قويغان چۇشۇرگىنىڭ سۈيى پەرۋاسىز ھالدا ئېتىزدىكى زىغىرلىققا بېسىپ كىرىپ ئېتىزلارنى شاللىققا ئوخشاش قىلىۋەتكەنىدى.

- توختا! توختا دەيمەن ھەي ئەسكەر، - قۇربان ئاتتىن چۈشمەي تراكتورغا يېقىنلىشىپ ئۇنى ھەيدەۋاتقان ئەسكەرگە ۋارقىرىدى. ئۇ پەرۋاسىز ھالدا تراكتور بىلەن قۇم ئىتتىرمەكتە ئىدى.

- مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، توختا!

- ماڭا بۇيرۇقنى ئاۋۇلار بېرىدۇ، سەن بەنجاڭمىدىڭ؟ - ئەسكەر تومشۇقى بىلەن چېدىر ئۆيىنى كۆرسەتتى. قۇربانىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تراكتورغا ياماشتى-دە، ئەسكەرنى پەسكە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، قۇم دۆۋىلىرىنى ئۆرتكىنىچە سۇنىڭ ئېقىنىنى توسدى.

بۇ چاغدا چېدىر ئىچىدىن بەش-ئالتە ئەسكەر يۈگۈرۈپ چىقتى.

ئارىسىدىن يېشى چوڭراق بىرى بۇلارنى توسۇپ ۋارقىرىدى:

- ئەگەر دۆلەتنىڭ قومىغا زىيان سالىدىغان بولساڭلار، باغلاپ تاشلايمەن.

- باغلايدىغان ئىش بولسا، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئاشلىقىغا زىيان سالغان مونو ئەسكىرىڭنى باغلا! كۆرمىدىڭمۇ بىزنىڭ زىرائەتنى سۇ بېسىپ كەتكىنىنى؟

- مەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قوم توشۇش، باشقىسى بىلەن كارىم يوق.

- ۋۇي بۇ نېمە گەپ؟ لېي فېڭ. ۋاڭ جې دىگەنلىرىڭ يالغان ئوخشامدۇ؟ باشلىقىڭ سېنى پۇقرانى قىرىۋەت دېسىمۇ ئىجرا قىلامسىنا؟ خەلقنىڭ زىيانغا ئۇچراۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە بۇيرۇق دەيدىغۇ بۇ؟ ھەي سېنىڭ ئەۋلادىڭ دېھقان ئەمەسمۇ؟ نەسلىڭنىمۇ ئۇنتۇغان ئوخشىمامسەن؟

- ۋۇي، بۇلار زادى نەدىن كەلدى؟ كىم سىلەرنى بۇ يەردىن قوم ئال دېدى؟

- بۇ قوم بىزنىڭ.

- ئاناڭنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كەلگەنمىدىڭ؟ مانا قىزىق، ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ بۇ يەرلەرگە بىز ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەنمىز. «يەرسىز ئىدىم يەرلەندىم، كالتەك ئېلىپ پەملەندىم» دېگەندەك تۇنۇگۇن كېلىپلا بىزنىڭ دەپ تالاشقىلى تۇردىغۇ بۇلار.

دېھقانلار تەڭلا چۇرقۇراشقا باشلىدى.

- توختىشە ئىشتىن! بۇ قۇم بىزنىڭ. بىر سىقىم توشۇشقىمۇ رۇخسەت يوق. ھېچكىمگە بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە 180 مو يەردىكى زىغىرنى تۆلەيسىلەر. تراكتورۇڭلارنى گۆرۈگە تۇتۇپ قالىمىز.

ئەسكەرلەر ھەيۋە قىلىپمۇ، تالىشىپمۇ ۋە يالۋۇرۇپ چۈشەندۈرۈپمۇ غەرىزىنى ئۇقتۇرالمىغاندىن كېيىن، چېدىرغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كوڭكىسىغا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

- ئىشىمىز ئەمدى چېڭىغا چىقتى. كۆردۈڭلارمۇ، ئۇلارنىڭ بەنجاڭ دېگىنى «سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغىلى كەتتى.

- ئاللاھ، ئەمدى قانداق قىلارمىز. ھەربىيگە تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟

- سىلەرمچۇ. بەك ئەدەپ كەتتىڭلار، ئەمدى تېخى بۇ خەقنىڭ قالپىقىدىن قۇتۇلۇپ ياشاۋاتاتتىم. قاراپ تۇرۇڭلار. ھاكىم-پاكىم دېگەنلىرى كېلىپ «ئارمىيە، خەلق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى»، «ئارمىيىگە قارشى چىقتى» دەيدىغان بولسا قالپىقى ئەڭ ئاۋۋال ماڭا كېلىدۇ.- باياتىدىن بېرى بولۇۋاتقان تالاش-تارتىشلاردىن قورقۇپ، چىرايلىرى سارغىيىپ كەتكەن يۇسۇپ باخشى دادلاشقا باشلىدى.

- ھەي توخۇ يۈرەكلەر، - قۇربان خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي سۆزلەشكە باشلىدى. - كونىلاردا «تاپتىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن گەپ بار. ئۇلار كېلىپ بىزنىڭ قۇمنى توشۇپ كەتسە گەپ قىلمىساق بولاتتىمۇ؟ يەنە كېلىپ يېرىمچە ئىشلىگەن ئىشىمىزنى بىر تىيىن قىلىپ، پۈتۈن زىرائەتلىرىمىزنى نابۇت قىلىۋەتسە يەنە قول قوشتۇرۇپ

تۇرساق بولاتتىمۇ؟ قورقماڭلار، ھەق بىزدە، ھەممىمىز گېپىمىزنى بىر قىلىپ چىڭ تۇرساقلا ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

- يۈرۈڭلار، زىغىرىمىزنى ئايرىلاپ كۆرۈپ باقايلى.

ئۇلار ئاياغلىرىنى يېشىپ، پۇشقاقنى تىزىغىچە قايرىپ، ئېتىز ئىچىنى ئارىلاپ زىيانىنى مۆلچەرلەشكە باشلىدى. ئەسلىدە زىغىر ئورمىغىچە 15-10 كۈن سۇ ئىچمەي دان تۇتۇشى كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى چىلىق-چىلىق سۇ ئىچىدە دان تۇتمىغاننى ئاز دەپ ئەتە-ئۆگۈن يەرلەر قېتىپ، تۇتقان دانمۇ پىشمايلا تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيە بازىرى تەرەپتىن ئىككى كوڭكا توپا توزىتىپ كېلىپ چۇشۇرگە يېنىغا كەلگەندە توختىدى. بىرىدىن ھەربىيلەر باشلىقى بىلەن بىللە ھاكىم چۈشتى. يەنە بىرىدىن يېزا باشلىقى مۇتەللىپ، يېزا سېكرېتارى ۋە ناھىيىنىڭ ناتونۇش ئىككى باشلىقى چۈشتى. ئەسكەرلەر ئۇلارغا تراكتورىنى، قوم دۆۋىسىنى ۋە سۇ ئېقىنىنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. قۇربان باشلىق بەش دېھقان ئۆز ئېتىزلىقلىرىدا قاراپ تۇرغىنىچە قالدى. تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان كۆزەينەكلىك بىر باشلىق دېھقانلارغا قاراپ توۋلىدى:

- ھەي، بۇ ياققا كېلىش!

- نېمە دەيسەن؟- قۇربان غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.- دېھقاننىڭ رەھبىرى بولساڭ ئايىغىڭنى سېلىپ، مۇنۇ زىغىرلىققا كىرىپ دېھقاننىڭ يىغىسىنى يىغلا.

كۆزەينەكلىك باشلىق تەمتىرەپ قالدى. ئۇ مۇتەللىپكە قاراپ:

- قانداق ئادەملەر بۇ؟ ئۇلارنىڭ تەركىبى نېمە؟ - دەپ سورىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قۇربان يىراقتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى تويغۇزۇۋەتتى:

- قانداق ئادەمكەنمىز. بۇ ئىككىسى باي دېھقاننىڭ بالىسى. سىېنىڭ قولۇڭدا «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيىپ نەچچە يىل ناھەقچىلىك تارتقان قۇربان دېگەن مەن بولىمەن. تەركىبىم نېمە دەيسىنا. تەركىبىم جاھانگىر. قېنى نېمە دەيسەن؟ بۇرۇنقى سىنىپىي كۈرەش دەپ باستۇرۇپ كۆڭ بىرىشىمدىڭ. مانا ئەمدى قىيان سۇ بىلەن باستۇرۇپ يوق قىلىۋەتمەكچىمىدىڭ. بۇ يەرنى بىز توختام بىلەن ئالغان. چېنىمىز بىلەن قوغدايمىز. ئەمدى بۇرۇنقىدەك ھوقۇققا تايىنىپ ۋارقىراپ يۇرۇپ ھەقنى ناھەق قىلىۋېتىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى بار. دېھقاننىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلاردىن ھېساب ئالىدىغان زاكون بار.

- نەچچە يىلدىن بېرى سۇ يوق دەپ، سۇ دەۋاسى بىلەن كەتتى بېشىڭلارغا كەيدىڭلار، - مۇتەللىپ تۇيۇقسىز زەربىدىن گاڭگىراپ قالغان كۆزەينەكلىك خىتاينى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ كولۇمسىرەپ تۇرۇپ سۆزلىدى.- مانا ئەمدى سۇ بېسىپ كەتتى دەپ دەۋا قىلامسىلەر؟- ئۇنىڭ ئاھاڭىدا ھەم ھېسداشلىق ھەم سوخەنچىلىك مۇددىئاسى چىقىپ تۇراتتى.

- قاربىماسەن مۇتەللىكا، - مىجىت سۇنىڭ ئەسلى ئېقىنىنى كۆرسىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، - ئېقىننى قىستاپ قويغاندىن كېيىن كېچىچە ئاققان سۇ زىغىرنى كاردىن چىقىرىپ بولدى. ئۇ تىزنىغىچە لاي مىلەنگەن پاچىقىنى كۆرسەتتى.

- مۇنداق قىلايلى، - يېزىلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى كۆپچىلىككە سۆزلىدى، - بىرەر يۈز مو يەرنىڭ ئاشلىقى چاغلىق مەسىلە. دۆلەتنىڭ

قۇرۇلۇشى مۇھىم. قوم توشۇش توختاپ قالسا ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشىغا تەسىر يېتىدۇ. - ئۇ سۆزلەپ بولماي تۇرۇپلا قۇربان لوقما سالدى:

- ئاشلىق چاغلىق مەسىلە بولسا، نەچچە مىڭ ئادەم قورساق باققىلى كەلمەي، مايمۇن ئويۇنى ئوينىغىلى كەپتۇ-دە؟ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىزگە توكنى بىكارغا بېرەتتىمۇ؟ بىزنىڭ قۇمنى ھەجەپ سوراپمۇ قويماي ئېلىپ كېتىشىدىكىنا؟

ناھىيەدىن كەلگەن ئۇيغۇر ھاكىم ھەيرانلىق بىلەن سۆزگە ئارىلاشتى:

- بۇ قانداق گەپ؟ يەر، قوم بۇلارنىڭ بولسۇنۇ، بۇلار نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ يەنە كېلىپ قۇمنى ئەسكەرلەرنىڭ توشۇغىنى نېمىسى؟

- ئابدۇكېرىم ھاكىم ئەسلى ئەھۋال مۇنداق، - يېزىلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى يانچۇقىدىن گىلىزىنى چىقىرىپ تەگلىگەچ ھېچىيىپ سۆزلەشكە باشلىدى، - ئېلېكتر ئىستانسىسى قوم توشۇش ۋەزىپىسىنى تۇۋەنگە كۆتۈرە بەرگەنىكەن. قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بۇ قۇمنى خېلى بۇرۇنلا تەكشۈرۈپ كەتكەنىكەن. بىزدىن سورىۋىدى. بىز، ياردەم بولسۇن دەپ بەرگەنىدۇق. ھە... ھە...

- ۋۇي، ئېلېكتر ئىستانسا قۇرۇلۇشى مەزكەرنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى. ئۇنىڭغا يېتەرلىك خىراجەت ئاجرىتىلغان. قانداق قىلىپ شۇنچە نۇرغۇن قوم ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردىن بىسوراق بېرىلىدۇ؟

- ھە... ھە... ئۇلار بىزگە، سۇ قۇدۇقى كولاپ بەرگەنىدى.

- يالغان! - قۇربان سۆزگە ئارىلاشتى، - بولتۇر ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكىلەر

يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن توختاملىشىپ 30 مىڭ سومغا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قودۇق كولاپ بەرمەكچى بولغان. پۇلنى ئېلىۋېلىپ ئۇ يەر، بۇ يەرنى كولاپ قويۇپ سۇ چىقمىدى، زىيان تارتتۇق دەپ كېتىپتى. ئەمدى بىزنىڭ قۇمنى بىكارغا ئېلىپ كېتەمدۇ؟ ئەگەر مېنىڭ ئاڭلىغىنىم راستلا بولسا، بۇ يەردە چوقۇم ئويۇن بار.

- لى پولك كوماندىرى سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بارمۇ؟- دەپ سورىدى ئابدۇكىرىم ھاكىم. باياتىدىن ئېغىر-بېسىق قاراپ تۇرغان ھەربىي باشلىقتىن.

- بىزنىڭ بىر روتا قۇم توشۇش ۋەزىپىسىنى كۆتۈرە ئالغانىدۇق. بىز توشۇش ھەققى ئۈستىدە تالاشقىنىمىزدا قۇرۇلۇش مەسئۇلى قۇمنى 40-30 مىڭ سومغا سېتىۋالدۇق دېگەنىدەك قىلىۋاتاتتى.

ھاكىم ئاستا بۇرۇلۇپ يېزا سېكرېتارىغا قارىدى. ئۇ دەم قىزىرىپ، دەم تاتىرىپ:

- شۇنداق، شۇنداق، بىز ئاز-تولا پۇل ئالغان، - دېدى ھېجىيىپ، كۆك چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان خىتاي باشلىق دەسلەپكى ھەيۋىسى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن جىمىقىپلا كەتكەنىدى. يېزا سېكرېتارىنىڭ گەپ-سۆزىنىڭ تازا قولاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ سۆزگە ئارىلاشتى.

- بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم بار ئىدى.

- نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭىز؟ بىزدىنمۇ مۇھىمى ئالدى بىلەن يەرنىڭ ئىگىسى دېھقانلار خەۋەر تېپىشى، مەنپەئەتلىنىشى مۇھىم ئىدى. ئەكسىچە ئۇلار قوشلاپ زىيان تارتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ؟

- ھە، مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى. - دېدى كۆزەينەكلىك باشلىق دۇدۇقلاپراق. - ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن دەۋالىشىپ ناھىيىمىزنىڭ ئابرويىنى تۆكۈپ يۈرمەيلى. بۇ ئىشنى ناھىيىگە بېرىپ ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك. قانداق لى پولكوۋنىك.

- ياق! - دېھقانغا يان باسىدىغان باشلىق ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزلىرىدىن غەيرەتلىنىپ قالغان قۇربان كەسكىن رەت قىلدى. - بولمايدۇ. ئېلېكتر ئىستانسا بىلەن دەۋالاشساق ئابرويىڭلار تۆكۈلىدىكەن. كۆزدە بەش دېھقان 20 نەچچە بالىمىزنى يېتىلەپ، خوجۇننى يۈدۈپ چىقىپ، «باشلىق، قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بەرسىلە» دەپ بارساق ئابرويىڭلار كۆتۈرۈلەمدۇ؟ زىيانغا ئۇچرىغان ئېتىز، بىكارغا توشۇپ كېتىۋاتقان قۇم. نەق مەيداندىكى ئېقىن يولى بۇ يەردە تۇرسا، مەسىلىنى مۇشۇ يەردە ھەل قىلماي، ناھىيىگە بېرىپ ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ كىتابقا قاراپ قانداق ھەل قىلماقچىدىڭلار؟

بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ھاكىم ئاللىقاچان ئاياغلىرىنى سېلىپ، پۇشقىقىنى تۈرۈپ ئېتىز ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك گەپ قىلماي ئۇنىڭغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. لى كوماندىر قىر ياقىلاپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

- قانداقراق؟ زىيان چوڭمىكەن؟- دەپ سوراپ قويدى.

ھاكىم ئېتىزدىن چىقىپ سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ ئايىقىنى يۇغاچ:

- ھە. بىتەلەيلەر، دەۋايىڭلار ئورۇنلۇق، مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلىنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىمەن. سىلەرمۇ نەق مەيداندا ھازىر بولۇڭلار، بولامدۇ؟- دېدى.

- رەھمەت سىلىگە ھاكىم.- ھاكىمنىڭ مۇلايىم سۆزى ۋە ئادىل

ھۆكۈمەتنى تەسرلەنگەن يۈسۈپ باخشى كۆزنگە ياش ئېلىپ زوۋانغا كەلدى:- خۇدايىم ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئوغلىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

ئۇلار كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ناھىيلىك ھۆكۈمەتتە مۇھىم يىغىن بولغانلىقتىن ھاكىم كېلەلمىدى. يېزىلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ئېلېكتىر ئىستانسىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىنژېنېرىنى باشلاپ كەلدى.

ئىنژېنېر ئەھۋالنى بىرەر قۇر ئاڭلىدى. نەق مەيداننى كۆردى. دېھقانلار بىلەن. بولۇپمۇ قۇربان بىلەن خۇددى تونۇگۇنكىدەكلا قاتتىق تالاش-تارتىش قىلدى. ئاخىردا سائەتكە قاراپ قويۇپ، گەۋدىسىنى مەغرۇر كىرگىنىچە مۇنداق دېدى:

-مەن قۇمنى پۇلغا سېتىۋالدىم. توشۇغۇچىلارغىمۇ پۇل بەردىم. ئەمما سۇنى ياكى سۇ كەلتۈرگەن ئاپەتلەرنى سېتىۋالمىدىم. ياخشىسى بۇ دەۋايىڭلادىن يېنىپ زىرائەتڭلارنى قوتقۇزۇڭلار. تەلىپىڭلار ئورۇنسىز، مۇتلەق ئاقمايدۇ.

يېزىلىق پارتكومدىن كەلگەن سېكرېتار تۇنۇگۇن قانداق قىياپەت بىلەن «خوش، خوش، شۇنداق» دېگەن بولسا، بۈگۈنمۇ ئىنژېنېرغا شۇنداق دەپ خۇشامەت قىلىپ كېتىپ قالدى.

تۇنۇگۇنكى ئۈمىد بۈگۈن تۇمانلاشتى.

- قانداق قىلدۇق ئەمدى؟- ھەممىسى لاسسىدە بولۇپ قۇربانغا مۇراجىئەت قىلدى. قۇربان:

- قانداق قىلاتتۇق، ئەتە ھەممىڭ ئىشىڭنى توقۇش. ناھىيىگە بېرىپ ھاكىمغا دەرد ئېيتىمىز. ئۇنىڭ دەردىمىزنى ئاڭلاپ، داۋايىمىزنى بىزنىڭ پايدىمىزغا ھەل قىلىشىغا ئىشىنىمەن.- دېدى.

ئەتىسى قۇربان ئىشىنى ئارقاندىغان بېدىلىكتىن ئېلىپ كېلىپ ئىگەرلەپ چاپىنىنى كىيگىلى ئۆيگە كىرىپ ئۇستەل ئۇستىدە تۇرغان 5-6 ۋاراق قەغەزنى كۆردى. بۇ رەتلىك قىلىپ يېزىلغان ئەرز ئىدى. ئەرزنىڭ مەزمۇنى قانۇن تىلى بىلەن مۇكەممەل يېزىلغانىدى. ئۇ، ئاخشام قىزىغا ھەممە جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئەمما خەت قىزنىڭ ئەمەس ئىدى. قىزى كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈش ئۈچۈن قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەنىدى. ئەتىگەندە بولسا ئەرزنى تەييارلاپ قويۇپ مەكتەپكە ئىشقا كەتكەن.

ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگەندە ھاكىم ئۇلارنى كۆرۈپ ئەمدىلا قوزغىلىۋاتقان ئاپتوموبىلىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئەرزىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن:

- ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. خۇددى قانۇندا ئوقۇغان كىشىدەك قاتۇرۇپ يېزىپسىلەر. مەنمۇ ئىسپات بولغۇچى سۈپىتىدە سىلەر بىلەن بىللە دەۋاغا قاتنىشىمەن.- دېدى. ئۇ قۇربانلارنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى. سوتنىڭ مەسئۇلىنى چاقىرىپ كىرىپ ئەرزنى بەردى. ئەھۋالنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

ئىنژېنېر باشچىلىقىدىكى تەكشۈرگۈچىلەر سوتنىڭ تەلىپى بويىچە

ئىككىنچى قېتىم نەق مەيدان - قىسىر ئېگىزغا كەلگىنىدە بۇلارغا خېلى يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى.

- مو سانى، ھوسۇل سانى ۋە سۇندۇرغان پۇل سانىنى كىم ھېسابلىغان؟ - دەپ سورىدى ئۇ مىجىتتىن.

- قۇربانكام. - دېدى ئۇ ئىككى جەينىكىنى تىزىغا قويۇپ قولىدىكى قىزىل دوپپىسىنى پىرقىرىتىپ ئولتۇرغان قۇرباننى كۆرسىتىپ. - ئۇ ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان، بوغالتىر، كەنت باشلىقى بولغان.

- ئويلاپ بېقىڭ ئىنژېنېر. - قۇربان يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. - بولتۇر 83 مو يەرگە يازغى تېرىدۇق. ئۇرۇق، تراكتور ھەققى، سۇ ھەققى، غەللە- پاراق فوندلار بولۇپ 2880 يۈەن چىقىم قىلدۇق. ئەمگەك كۈچى بۇنىڭ سىرتىدا. ئىزا تارتماي 800 يۈەن بەردىڭلار. بۇ يىل 160 مو يەرگە زىغىر تېرىدۇق، ھەر مو يەردىن ئاز ھېسابلاپ 100 جىڭدىن ھوسۇل ئالساق، ھەر موسىنى 100 يۈەن ھېسابلىساق 70% نى تۆلەپ بەرسەڭلار 11200 يۈەن بولىدۇ.

ئىنژېنېر كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقىدى.

سوت كادىرى دېھقانلارغا ئاخىرقى سوتنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈش ھەققىدە تاپىلاپ قويۇپ ناھىيىگە كەتتى.

ناھىيىدىن كەلگەنلەر كەتكەندىن كېيىن بەش دېھقان يانپاشلىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

- ھە قۇربان. - قاسىم ياغاچ يەنە چاقچاق قىلدى. - مادامىكى ئەرزىمىز

ئېقىپ قالسا. راستىنلا ئىككى قاتلاپ ھوسۇل ئالىمىز جۇمۇ. مېنىڭ زىغىرلىرىم ئاياغدىراق بولغاچقا. سۇ ئانچە كۆپ سىڭمىگەندەك تۇرىدۇ. ئاپتاپ ئۇبدانلا قىزىتىپ بەرسە دان تۇتۇپ پىشىپ كېتىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا چاچماي يىغىۋالىمەن.

- ھەي ساختىپەزلەر، خۇدانى ئالداپ، ھۆكۈمەتنىمۇ ئالداپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ خېلى بىر نېمە ئۇندۇرۇۋالىدىغان بولدۇق- تە.

- «خۇدايىم بەرسە. پەيغەمبىرىمىز غىڭ قىلالماپتۇ» دېگەن گەپ بار. كېلەر يىلىمۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قۇم كېرەك بولارمۇ؟

- ھا ھا ھا!- ئۇلار شېرىن خىياللار بىلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

- ئەگەر دەۋا قىلماي ياكى بىسمىللاسىغىلا قورقۇپ يېنىۋېلىپ جىم ياتقان بولساق. ھېچقايسىڭغا ھېچنېمە تەگمەيتتى. ئىككى قاتلاپ ھوسۇل ئالدۇق دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟- قۇربان ئۇلارغا تاپا قىلدى.

## كېچىدىكى كېلىشمەسلىكلەر

دەريا بويىدىكى يىلانباغرى يولدىن گاھى- گاھىدا ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ گۇرۇلدىشى كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراق- يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. كۆچلۈك چىراق نۇرى بەزىدە يول بويىلاپ، بەزىدە يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى چىملىق، ئېكىنزارلىقلارغا نۇر چېچىپ كۆندۈزدەك يوپ- يورۇق قىلىۋېتەتتى. ئۆز ئارا ئۆتۈشۈۋاتقان ئاپتوموبىللار چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈپ- ياندۇرۇپ گويا چاقچاقلىشىپ كۆز قىسىشىۋاتقان قىز-

يىگىتلەردەك ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئادىمزاتسىز چۆلدەك جىمجىت يول بويىدا قېلىن سەنسەن جۇۋىغا ئورىلىپ چوقچىيىپ ئولتۇرغان كىشىنى كۆرگەن شوپۇر «جىنمۇ - ئادەممۇ؟» دېگەن گۇماندا ئاپتوموبىلىنى تورمۇزلاپ سەپسېلىپ قاراپ قوياتتى- دە، يەنە تېز يۈرۈپ كېتەتتى.

بۈگۈن كېچە، مىجىت ئېتىز بېشىدا جىسەكتە تۇردى. يولدىن ئۆتۈۋاتقان ھەرخىل ئاپتوموبىللار گەرچە ئۇنى زېرىكتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىملىق شېرىن ئوي- خىياللىرىنى بۇزۇۋېتەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، ئەتراپتا دەريانىڭ شارقىرىشىدىن باشقا ئاۋاز قالمىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى ئاغزىغا ئەپكېلىپ چوڭقۇر نەپەس بىلەن سۈمۈردى- دە، ئاستا پۈۋلەپ ئويغا پاتتى، «مۇبادا بۈگۈن يەنە تۆگىلەر كېلىدىغان بولسا، بىرەرسىنىڭ پۇتىنى چېقىۋېتىپلا يىقىتىپ بوغۇزلاپ تاشلايمەن. ياق- ياق، مەن ئۇنداق قىلمايمەن. ئەتە ئىگىسى كېلىپ تۆگەمنى تۆلەپ بەر دەپ ئېسىلىۋالسا، جېدەل چىقارسا قانداق قىلىمەن. ھەي، قۇربانكام بولسا قورقماي بوغۇزلىۋېتەتتى.»

يىراقتىن كېلىۋاتقان موتسىكلىت ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغاندا موتسىكلىت ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. ھايال ئۆتمەي يەنە موتسىكلىت مىنگەن ئىككى يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تورمۇز تۇتتى. گەرچە تاشيول بىلەن مىجىت ئولتۇرغان ئارىلىق يىگىرمە مېتىرچە بولسىمۇ، قاتتىق موتۇر ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاتمىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ جىددىي ھەرىكەتلىرى قانداقتۇر بىرەر شۇملۇقنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىتلەرنىڭ ئىككىسى موتسىكلىتىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ تىرەكنى تىرىدى. بىرسى ئالدىغا مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. مىجىت

بۇلارنى مال ئوغرىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلدى ۋە دەرھال يانپاشلاپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كۆزىتىشكە كىرىشتى. ئىككى يىگىت يول ياقىسىغا چىقتى. ئۇلار بىر تۆپىلىككە كەلگەندە زوڭزىيىپ ئولتۇردى- دە، يانچۇقىدىن گىلىزە چىقىرىپ چاقماق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ئىسىنى شورىدى. مىجىت بۇلارنىڭ ناھىيىدىن چىققانلار ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدى.

- بۇ ئاداش قاچان كېلەر؟ مۇڭدىشىپ- سىردىشىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەرمۇ؟
- يىگىتلەرنىڭ بىرى سۆزلىدى. ئەمدى ئىككى ئۇيغۇر يىگىتنىڭ سۆزلىرى مىجىتكە ئوچۇق ئاڭلىنىۋاتاتتى.

- ياقەي، ئۇلار پۇتۇشۇپ قويغان. باردۇ- دە، سىگنال بېرىدۇ. چىقىدۇ- دە، ماڭىدۇ.

مەھەللىدە مال- چارۋا يوقاپ كېتىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. «دېمەك، ئوغرى مۇشۇلار ئىكەن- دە. يەنە كېلىپ مەھەللىدە ئۇلارنىڭ شېرىكى باركەن. ئۇلار كىمدۇ؟ ھېچ بولمىغاندا موتسىكلىتنىڭ نومۇرىنى كۆرۈۋالارمەنا. خەپ، بۈگۈن زېغىر ئوغرىسى- تۆگىنى تۇتىمەن دەپ، مال ئوغرىسىنى تۇتىدىغان بولدۇم»، مىجىت تۇرۇپ قانداقتۇر بىر ساۋاپ ئىشنى قىلىپ شۆھرەتكە ئېرىشىپ قالىدىغاندەك غەيرەتلىنىپ كەتسە، تۇرۇپ بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ زىيان تارتىپ قالىدىغاندەك شۈبھىلىنىپ تاقەتسىزلىنەتتى. يىگىتلەرنىڭ سۆھبىتى داۋام ئەتمەكتە ئىدى.

- قارا ئەركىن، بىز ئاغىنىدارچىلىق بۇرچىنى ئاقلايمىز دەپ كەلدۇق، بۇلارنىڭ ئىشىدىن بىزگىمۇ گەپ كېلىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

- نېمە گەپ كەلمەكچىدى. يۇرتىمىزدا ئۇنداقلار ئازمىدى. ھوي،

توختىغىنىدا، سەن ئۆزەڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

- ھەي، مەن دېگەن دېھقانىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۆزەڭ بىلىسەن دېھقان دېگەن قويدەك ياۋاش، قوزىسىنى ئېلىپ قاچساڭمۇ كۆنىدۇ. بۇلارغا ئوخشاشمايدۇ.

- مېنىڭچە، ھەممىسىنىڭ خاراكتېرى بىر. مەن گەرچە قانۇندا ئىشلىسەممۇ، مىللىتىمىزنىڭ مۇشۇ خىل قانۇنسىز ئادىتىنى ئاقلاش ھېسسىياتىدا بولىمەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، قەھرىمان نوزۇگۇم نېمە ئۈچۈن مانجۇ بەگنى ئۆلتۈردى ۋە قاچتى. بۇ دەل زورلۇققا قارشى ئىسيان ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئىنسان ئۆز ئەركى بىلەن ياشىسۇنۇ، ئۆز مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىسۇن. يەنە كېلىپ بىرەر زورلۇق تەرەپدارى قولىدا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئەزىزلىگەن ئاتا- ئانىسى تەرىپىدىن قىسىلسۇن. بۇنىڭغا كىم چىدايدۇ. بىچارە قىزلار، سىڭىللىرىمىز ئۆزى سۆيگەن، ئۆزى كۆيگەن يارىغا ئېرىشەلمىسە، ئەكسىچە تونۇمىغان بىراۋغا ھەتتا مال ئورنىدا باھالىنىپ بېرىۋېتىلسە، بۇ قانداق ئادالەت بولىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ئۆز يىگىتلىرى بىلەن قاچقىنى دەل ئۆز ئەركىگە ئىنتىلگىنى. ئۆز ئەركى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئىنسان ئۆز غورۇرىنى قەدىرلىگەن ئىنسان ھېسابلىنىدۇ.

- ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما مۇھەممەتجان سوت كادىرى، گۈلبۈۋى ئوقۇتقۇچى، تەشكىل سۈرۈشتە قىلىپ قالسا، بىزنىمۇ تەڭ ئېلىپ قاچقان دەپ ئەيىبلەپ يۈرمىسۇن دەيمىنا؟!

- ۋاي- ۋۇي تازىمۇ ئېھتىياتچانكەنسەن. بىز ئۇلارنى ئېلىپ سوۋېتكە قاچاتتۇقمۇ؟ ناھايىتى ناھىيىگە بارىمىز. توي خېتى ئالىمىز، بىر كېچە توي ئوينايمىز، ئىش تامام. ھەممە ئىش قانۇن بىلەن بولىدۇ. ھەتتا، ئالدى بىلەن

موللامنى چاقىرىپ كېلىپ نىكاھ ئوقۇتۇۋېتىمىز. دېمەك شەرىئەتكىمۇ خىلاپ ئىش قىلمايمىز.

يىگىتلەر سۆزىنى توختىتىپ يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقان چىراق يورۇقىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى.

مىجىت ئەمدى ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندى. ئۇ ناھىيىدىكى مۇھەممەتجان دېگەن يىگىتنىڭ گۈلبۈۋى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن قۇربانغا زۇۋان سۈرمىگەنىدى. مانا ئەمدى پىشكەللىك، سەتچىلىك.

«ھەي، يىگىتلەرنىڭ ئېيتقىنى توغرا جۇمۇ، مانا نەق ئون بەش يىل بوپتۇ. مەنمۇ توي قىلىشقا پۇلۇم يوق، ئامالسىز ئېلىپ قېچىپ ئەرزانلىتىپ توي قىلىۋالمىدىممۇ؟ قۇرۇۋانكام ئەلچىلەر كەلگەندە نېمىشقا چىرايلىقچە ماقۇل دېمىگەنكىنە. توختا، مەن قۇربانكامنىڭ تەرىپىنى ئالمىسام، نامەردلىك قىلغان بولىمەن. دەرھال ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇراي» مىجىت شۇلارنى ئويلىدى - دە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. يىگىتلەر خۇددى ئۈركىگەن توشقاندەك يېنىدىنلا سەكرەپ تۇرۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بۇ چاغدا تاشيولدىكى چىراق يورۇقى يېقىنلاپ، موتسىكلىتكە مىنگەن مۇھەممەتجان گۈلبۈۋىنى مىنگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار گۈلبۈۋىنى تاشلاپ قويۇپ موتسىكلىتلىرىگە مىندى- دە، مىجىتنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك قوغلاپ كەتتى. مىجىتنىڭ ھاسىراپ- ھۆمىدەپ قاچقان بىر چاقىرىمدەك يولى بىكارغا كەتتى. يىگىتلەر قويۇندەك تېز يېتىپ

كەلدى- دە، ئۇنى قورشىۋالدى.

- توختا! مىدىرلىساڭ سوقۇۋېتىمەن، - ئەركىن ۋارقىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى- دە، موتسىكلىتتىن سەكرەپ چۈشۈپ مىجىتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

مىجىت نېمە دېيىشنى ۋە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ نېمىشقىدۇر بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك لاغ- لاغ تىترەيتتى.

- بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن، قىلتاقچى، قېرىنداشلىرىمىزنى تۇتۇپ بىلىپ، ئىشىڭنى قىلساڭ بولماسمىدى؟ - يىگىتلەرنىڭ بىرى دېۋەيلەپ كەلگىنىچە مىجىتنىڭ مەيدىسىگە بىرنى تەپتى. مىجىت بۇنداق يىگىتلەردىن بەش- ئونغا تېپىلغۇدەك يوغان بەستلىك ۋە قاۋۇل، كۈچلۈك بولسىمۇ، بۈگۈن نېمىشقىدۇر پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىرەر چىۋىننى قورىغۇدەك قۇربىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭ روھى كۈچسىزلەنگەن ئىدى. ئۇ ئوڭدىسىغا چۈشتى، ئىككى يىگىت ئۇنى دەسسەپ- چەيلەپ، مۇشتلاپ نەچچە دومىلىتىۋەتتى.

- توختاڭلار، - دېدى مۇھەممەتجان يېقىنلاپ كېلىپ، - كىمدۇ بۇ؟

- مۇھەممەتجان ئۇكام، مەن مىجىت، «قىسىر ئېگىز» نى تولىغلەردىن قوروش ئۈچۈن جىبسەكتە تۇراتتىم... سىلەر كېلىپ...

- ئاپلا، بۇ چاتاق بوپتۇ. بالدۇرراق گەپ قىلسىڭىز بولماسمىدى.

- ئۇرماڭلار! ئۇرماڭلار! - گۈلبۈۋى ھاسىراپ- ھۆمىدەپ يۈگۈرۈپ كەلدى- دە، مىجىتنى كۆرۈپ دەرھال ئارقىغا ئۆرۈلۈۋېلىپ يىغلاپ كەتتى.- سىلەر ماڭا بالا تېرىپ بېرىدىغان بولدۇڭلار...

- مىجىتكا، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، بىز تېخى سىڭنى...-، مۇھەممەتجان ئاستا سۆزلىگەچ مىجىتنىڭ يېنىغا كەلدى.- سەن قايتىپ كەتكىن.

مىجىت تاياق زەربىدىن خۇددى يوقىتىپ نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا مۇھەممەتجاننىڭ سۆزىنىمۇ بۇيرۇق مەنىسىدە ھەزىم قىلىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپلا سەنتۈرۈلۈپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

شۇنداق ئىشلارمۇ بولىدۇ. كىشى ئۆزىنى غالىب سەزگەندە ياكى ھەقىقەت ئۆزىدە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالىغاندا، دۈچ كەلگەن ھەرقانداق توسالغۇغا ۋە قارشىلىققا مەردانىلارچە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ تاقابىل تۇرالايدۇ. ھەتتا ئۆزىدىن قانچە ھەسسە كۈپ كۈچمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە، سۆزىدە ئەقەللىسى كۆزىدە غالىبلىقنىڭ سېھرىي كۈچى جەۋلان قىلىدۇ. مانا بۇ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى روھىي كۈچ بولسا كېرەك.

ئەكسىچە، كىشى ئۆزىنى قانداقتۇر مەغلۇبىيەتكە مەھكۇمدەك ياكى ناھەقچىلىققا يول قويغاندەك ھېس قىلغىنىدا بولسا، ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ سېھرىي كۈچتىن ئايرىلىپ، ئەرزىمىگەن بىرەر ئىشقا ياكى ئۆزىدىن ھەسسىلەپ ئاجىز بولغان بىرەر كۈچكىمۇ قارشى چىقىشقا پېتىنالمايدۇ. شۇنىسى كۈلكىلىككى، مۇھەممەتجانلار موتسىكلىتلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈرۈلدىشىدىن تارتىپ، قوپال سۆرلۈك گەپ- سۆزلىرى ۋە ھەتتا زورلۇق ھەرىكەتلىرىگىچە ئەنە شۇ غالىبلىق ھەيۋىسىنى نامايان قىلالىغان بولسا، ئۆزىنىڭ زىرائىتىنى يەپ كەتكەن تۆگىگە چېقىلىشقىمۇ پېتىنالمىغان بىچارە مىجىت ھېچبىر گۇناھسىز، پەقەت كۈتۈلمىگەن پىشكەللىكلەرنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىپ، ئۇلارغا قۇللارچە باش

ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. قارشى چىقىش ئۇنىڭ ئويىغىمۇ كەلمىدى.

ئۇ كېتىۋېتىپ بەل- ئومۇرتقىلىرىنىڭ، پۇت- قوللىرىنىڭ ۋە باش- كۆزىنىڭ تاياق زەربىدىن قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا، بىھۇدە ئاۋارىچىلىق توپەيلىدىن كېلىپ چىققان تويۇقسىز زەربىدىن خورلۇق تەمىنى تېتىشقا باشلىدى. «ھەي ئىسست، يەنە يۈز مېتىر يۈگۈرگەن بولسام، ئارقانلاپ قويغان ئېتىمغا يېتىشىۋالاتتىم- دە، قېچىپ كەتكەن بولاتتىم.» ئۇ پەقەت شۇنى ئويلىيالىدى. ئەمما ئاتقا چىقىپلا ئالغان بولسام، بۇ شۇمتەكلەرنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىپ قوياتتىم دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. تېخى بايىلا يانپاشلاپ يېتىپ ئاڭلىغان سۆزلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇلارغا خىيالىي يان بېسىش كويىدا بولغان مىجەزىنىڭ كۆزىگە موتىسكلىتلىرىنى يېتىلەپ تاشيولغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ھاسراپ- ھۆمىدەپ كۆچەۋاتقان بۇ يىگىتلەر، قىپقىزىل بۇلاڭچىلاردەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئاق كۆڭۈللۈك تۇمانلىرى تارقىلىپ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى.

مانا، ئۇ ئەمدى ئېتىنىڭ ئارقىنىنى يېشىپ، ئۇنى يۈگەنلەپ ئۈستىگە چىققاندا بولسا، جان قايغۇسىدىن، ھايات ئۈمىدىگە ئىنتىلىپ ئۇلارغا نەپرەت بىلەن نەزەر تاشلىدى.

باياتىدىن بېرى يەرنىڭ ئوي- دۆڭلىرىنى تاللىماي چېپىپ يۈرگەن «شەرق شاملى» ماركىلىق قىزىل تاينچا يول بويىدا ئوت ئالماي تۇراتتى. ئۇلار ھەممىسى جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنى ياساش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى.

«توختاپتۇر، بۇلار خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىدىغاندەك قىلىدۇ. مەن

مەھەللە يۇرتنى چاقىرىپ كېلىپ ئەنتىمنى بىر ئالمايمەنمۇ؟»، مىجىتنىڭ خىيالىدىن شۇلار كەچتى. پۈتى بولسا ئاتنىڭ بېقىنىنى نوقىدى. تور ئات بېشىنى كۆتۈرگىنىچە چېپىپ كەتتى.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، مەھەللە تەرەپتىن تاراسلاپ چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرگەن ئەركىن ئەنسىز ۋارقىرىدى:

- مۇھەممەتجان، چاتاق بولدى، ئەنە ئۇلار كېلىۋاتىدۇ.

ھەش- پەش دېگۈچە ئاتلىقلار باستۇرۇپ كەلدى.

- بولۇڭلار، مۇھەممەتجان، گۈلبۈۋى، مېنىڭكىگە چىقىپ چاپسان قېچىڭلار.- ئەركىن توۋلىغىنىچە موتىسكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ گۈركىرەتتى. گۈلبۈۋى يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇھەممەتجانغا مىنگەشتى. ئەمما، ئۇلگۈرۈپ كەلگەن بىرسى مۇھەممەتجاننىڭ مۈرىسىگە بىرنى تېپىپ موتىسكلىت بىلەن قوشۇپ يىقىتىۋەتتى. يېتىپ كەلگەن ئاتلىقلار 7-8 بولۇپ، كۆپىنچىسى «ئاتلان» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئاتقا چىققانىدى. ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرماي تۇرۇپلا بالىلارنى قامچىلاپ ئۇر- چاپقا چۈشتى. مىجىت خۇددى چەۋەندازلاردەك پىرقىراپ يۈرۈپ:

- ئۇرۇڭلار، بۇ نومۇسسىز بۇلاڭچىلارنى، - دەپ توۋلايتتى.

ھېلىلا ئىككى مۈرىسىنى ئىچىگە ئېگىپ رولنى ئويناپ ھەيۋە قىلىپ يۈرگەن يىگىتلەر ئۇر- ئۇرغا قالغان چاشقانلاردەك دۈگدىيىشىپ، موتىسكلىتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۆزلىرىگە دالدا جاي ئىزلەشتى.

- جېنىم ئاكىلار، مېنى ئۇرماڭلار، مەن گۇناھسىز.- پەرھات ئۈن سېلىپ

يىغلاپ ئىككى قولى بىلەن باش- كۆزىنى توسۇپ تولغىدى. ئاتلىقلار چۆرىدىشىپ ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇشتىن توختىدى.

- ھەي مجىت، زادى نېمە گەپ؟- سورىدى ئاتلىقلارنىڭ بىرى.

- نېمە گەپ بولماقچى، كۆرمىدىڭمۇ؟ قورۇۋانكامنىڭ قىزى گۈلبۇۋىنى ماۋۇ ناھىيىنىڭ بۇلاڭچىلىرى بۇلاپ مېڭىپتۇ. ئۇنى ئاز دەپ تۆگە قوروپ يۈرگەن مجىتنىڭ باش- كۆزىنى يېرىۋېتىپتۇ.- ئابابەكرى قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئۇلارنى كۆرسەتتى.

مجىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەركىننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

- قېنى ئەمدى تەپمەمسەن؟ ھەي نوچى، مەھەللىنىڭ ئىگىسى يوقتەك، قىزنى ئەپقاچقانىنى ئاز دەپ، ئىگىسىنى ئۇرۇپ نېمە قىلىشماقچىدىڭ نامەرتلەر!- دەپ قامچىسىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە نوقىدى.

ئاتلىقلارنىڭ ئىنسابى ۋە گۈلبۇۋىنىڭ نالە- پەرياد ئۇرۇپ يالۋۇرۇشلىرى يىگىتلەرنى تاياقتىن ساقلاپ قالدى. گۈلبۇۋى تېخىچىلا يىغلاپ يالۋۇرماقتا ئىدى:

- مجىت ئاكا، ئۇلارنى ئۇرماڭلار، جېنىم ئاكىلار، ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. بىلەمسىلەر، سىلەرنىڭ ناھىيىگە بەرگەن ئەرزىڭلارنى مۇھەممەتجان يېزىپ بەرگەن!

ھەممىسى مۇھەممەتجانغا تىكىلدى. ئۇ گۇناھكارلارچە قىياپەتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئاتلىقلارنىڭ قۇلىقىدا ناھىيە ھاكىمىنىڭ «بۇ ئەرزنى تازا قاتۇرۇپ يېزىپسىلەر...» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىدى.

- هوي شەرمەندە، ئاغزىڭنى ئاچما، مەھەللىدە يىگىت يوقتەك، نومۇس قىلماي يېرىم كېچىدە بازارنىڭ سولتەكلىرىگە ئەگىشىپ چۆلدە شەيتان، شاياتۇنلاردەك رەسۋا بولۇپ يۈرەمسەن، مەھەللىگە، جامائەتكە نېمە دەيمىز؟ داداڭغا نېمە دەيمىز؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ!

- مۇشۇ ئەلپازىڭ بىلەن بالىلىرىمىزنى ئوقۇتامسىنا؟

- هوي مۇھەممەتجان، ماڭا قارا!- ئابەك ئۇنلۇك، سىپايىراق سۆزلىدى.- تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزى، ئوتتۇز ئوغۇلدىن سېنى مەن سورىۋالاي، سولتەكلىرىڭنى باشلاپ يولۇڭغا ماڭ. ئىككىنچى يامانتۇردا ئوتلىغۇچى بولما. گۈلبۇۋى ماڭ، سېنى ئۆز قولىمىز بىلەن داداڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز.

••••••••••••••••••

قۇربان ئىتنىڭ هاۋشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ قۇلىقىنى دىك قىلىپ ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن، كىملەرنىڭدۇ ۋار- ۋۇر قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى- دە، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئاچتى ۋە دەرھال تامدا ئېسىقلىق مىلتىقنى قولىغا ئالدى.

- هوي خوتۇن، تالادىكى نېمە ۋاراڭ- چۇرۇڭ؟ - ئۇ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ بولۇپ ۋارقىراپ خوتۇنىنى ئويغاتتى.

- نېمە؟ ئاللاھ، بىردەمدە كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قالغىنىنى، گۈلبۇۋى، هەي گۈلبۇۋى! ۋۇي، بۇ نېمە ئىش؟- ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراقنى ياقتى.- هېلىراق تېخى گۈلبۇۋى تالاغا چىقىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار هودۇققىنىدىن ئاياغلىرىنىمۇ كىيمەي سىرتقا يۈگۈردى.

- گۈلبۇۋى، ھەي گۈلبۇۋى...

ئاتلىقلار خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنلىكتىن، ئەتراپتا دەريانىڭ شارقىرىشىدىن باشقا تىۋىش يوق ئىدى.

- بولدى، دادىسى تووۇلماڭ، چوپ - چوڭ بالا نەگە كەتمەكچىدى؟ ئۆتكەنلەردە نەچچە رەت سېزىۋېدىم. خۇددى شۇنداق چىقىپ كېتىپ تاڭ ئاتاي دېگەندە كىرىۋېدى. «ھېلىلا چىقتىمغۇ ئاپا، ئۇخلاپ قاپسىز» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ھەي... يېرىم كېچىدە ئەنسىز تووۇلاپ مەھەللە كويىغا سازايى قىلىپ يۈرمەيلى.

- بولدى هوي، كورپىنى ئەپچىقا- قۇربان ئېغىلدىن ئېتىنى يېتىلەپ چىقىپ ئىگەرلەپ مىندى- دە، مىلتىقىنى ئېلىپ چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

قۇربان ئېتىنى يورغىلىتىپ مەھەللىدىن چىققاندا ئالدىغا بىر توپ ئاتلىق ئۇچرىدى، ئۇ بىرەر پىشكەللىكنى سەزگەندەك:

- نېمە ئىش بولدى؟ نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟- دەپ ئارقا-ئارقىدىن سوراشقا باشلىدى. باشقىلار نېمىشقىدۇر ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي تۇراتتى. قۇربانىنىڭ سەزگۈر كۆڭلى ھەممىنى سەزدى. ئۇ قاتتىق ئاۋازدا:

- گەپ قىل مىجىت! گۈلبۇۋى قېنى؟- دەپ سورىدى.

- قۇربان، ئالدىرىما. كەينىڭگە يان، ھەممىنى مەن سۆزلەپ بېرىمەن.- يۇسۇپ ئاستا ۋە سىپايە سۆزلەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.- مىجىت كېلىپ تووۇلاپ يۈرۈپ ھەممىمىزنى ئويغاتتى. بۈگۈن كېچە مەھەللىمىز بىر قىزدىن ۋە بىر ئاتتىن ئايرىلدۇق. گەپنىڭ ئوچۇقى، قىزىڭ مۇھەممەتجان بىلەن

قېچىپتىكەن، تونۇۋېلىپ ياندۇرۇپ كېلىۋاتاتتۇق. ئاتقا مىنگەشكىلى ئۇنىمىدى. ئۆزى ئابەكنىڭ يۈگرۈكىنى تالاشتى. ئابەك ئېتىنى بېرىپ ئۆزى ماڭا مىنگەشتى. يولدا تۇيۇقسىز بىر قامچا بىلەن تاراسلىتىپ قىزنىڭ قاچتى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، قاراغىر يۈگرۈككە ھېچكىم يېتىشەلمەيدۇ. قوغلاپ بارساق يىگىتلەرمۇ تىكىۋېتىپتۇ. خەير دېدۇق.

- ھەرقايسىڭغا نېمە كەم؟- قۇربان كۈتۈلمىگەندە قايناپ كايىشقا باشلىدى.- ئەپقاچسا مېنىڭ قىزىمنى ئەپقېچىپتۇ. يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ يىگىتى ئەپقېچىپتۇ. سىلەرگە نېمە بولدى؟ خەقنىڭ قىزىنىڭ كەينىدىن ماراپ يۈرۈپ غەۋغا كۆتۈرۈشكۈچە، ئۇيقۇڭنى ئۇخلاشساڭ بولمامدۇ؟

- قۇربانكا، ئۇنداق دېمە، ئۇلار مېنى ئۇرۇپ باش- كۆزۈمنى تونۇغۇسىز قىلىۋەتتى.- مىجىت دۇدۇقلاپ سۆزلىدى.

- ھېلىمۇ ياخشى ئۇرۇپ ياتقان يېرىڭدىلا ئۆزىتىپ قويماپتۇ. قىز- يىگىتلەرگە قىلتاقچىلىق قىلىپ يۈرگىچە تۆگەڭنى قورۇساڭ بولماسمىدى.

قۇربان ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. ھەممە ئەيمىنىپ جىم بولۇشتى. قۇربان قىزىنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدا سەت ئىش قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، نېمىشقىدۇر كۆڭلىدە يەنىلا قىزىغا يان باسقىسى كېلەتتى. قىزىنىڭ ئابەكنىڭ ئېتىنى مىنىپ قاچقىنىنى ئاڭلىغىنىدا بولسا كۆڭلىدە پەخىرلىنىپمۇ قويدى.

ئۇلار ھارغىن پوشۇلداشقان ئاتلاردەك جىم- جىم مېڭىشىپ ئۆيلىرىگە تارقىلىشىپ كېتىشتى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پارتىيىسى يوقمۇ؟

توققۇزتارا ناھىيىسى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى جايلاشقان ئورۇن بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇرلار ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەر بولغاچقا، بۇ يەردە مائارىپ، سودا، تىجارەت خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان. ناھىيە بازىرى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئىدارىلىرىدە ئىشلەيدىغانلار قوشۇلۇپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى مەركەزلىك توپلاشقان جايلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۇگۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ساھەسىدىكىلەرگە سىلىپ بەرگەن قاتار - قاتار كەتكەن بىر قەۋەتلىك ئائىلە ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە - مەمەتجاننىڭ ئۆيىدە 20 گە يېقىن ئۇيغۇر ياشلىرى توپلىشىپ، مەمەتجاننىڭ توي مەسلىھەتىنى قىلىۋاتماقتا. مەمەتجان ئۈچ كۈن ئاۋۋال زەينەپىۋۇنى قاچۇرۇپ كېلىپ، مەكتەپ مۇدىرى ئايشە خانىمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسىلا ئايشە خانىم بىلەن ئىدارىسىدىكى پېشقەدەم بىر ئايالنى يامانتۇرغا ئەۋەتكەن ئىدى. قۇربان توي بولسىلا جامائەتنىڭ قۇرۇق سۆز - چۆچىكىنىڭ بېسىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، تېزراق توي قىلىش تەلىپىنى قويغان ئىدى.

ئادەتتە شەرىئەت قائىدىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى گىرەلىشىپ ئۇدۇمغا ئايلىنىپ قالغان توي رەسمىيەتلىرى، جۈملىدىن توي ۋاقتى، قىزنىڭ تويلۇقى، نىكاھنى كىمنىڭ ئوقۇيدىغانلىقى قاتارلىقلار ئىككى تەرەپنىڭ كۆپ قېتىملىق تالاش - تارتىشلىرىدىن كېيىن ئەلچىلەر ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ سالاسى ياكى ياراشتۇرۇشى بىلەن بېكىتىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما قىز قاچۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا بۇ ئىشلار بىر ئاز ئاسانغا توختايدۇ.

بۇ ئىشلارنى چوڭلار كېلىشىپ بولغاچقا، بۈگۈن مەمەتجاننىڭ ئۆيىدە ياشلار رەسمىيەت شەكلىدە مەسلىھەت چاي، توغرىسى ئولتۇرۇش قىلماقتا ئىدى.

مەمەتجان كەڭ ۋە ئازادە مېھمانخانا ئۆيىدە، يۇمشاق كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئۆتكۈزىدىغان ئادەتنى بۇزۇپ، ئۈرۈمچىدە كۆرگەنلىرىنى دوراپ، ئىدارىنىڭ ئۈستەل، ئورۇندۇقلىرىنى كىچىككىنە ئۆيگە قاتار تىزىپ، مېھمانلارنى ئىشخانىدا يىغىندا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرغۇزۇپ كۈتتى. دەسلەپ كۆنەلمەي ھەيران بولغان ۋە بىر مۇنچە چاقچاق قىلغان ياشلار بىر دەمدىلا ئادەتلىنىپ قېلىشتى. ئۈستەل ئۈستىگە تىزىلغان قەن - گېزەك، گازىر - پۇرچاقلارنىڭ ئورنىغا تەخسىلەردە مېزىلىك گۆش قورۇمىلار كىرگەندە، ئۆيلىرىدە ۋە تاشقىرىدا ئەيمىنىپ ھاراق ئىچەلمەيدىغان، تاماكا چېكەلمەيدىغان باللار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ساھىپخان ئاشخانا ئۆيدىن پەتنۇسقا سېلىپ ئېلىپ چىقىۋاتقان بوتۇلكا بىلەن ئىككى جۈپ رومكىغا ھەۋەسلىنىپ قاراشتى.

رومكا 3-4 قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ياشلار ساھىپخاننىڭ تەلىپى بويىچە، توينى تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈش، يۇرت - جامائەت ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇش، قىز كۆچۈرۈشتە دىققەت قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىرەر قۇر مەسلىھەتلىشىۋالدى، ھەتتا تاسادىپى جېدەل - ماجىرا چىقىپ قالسا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە بالا ساقچى فورمىسىنى كىيىپ بېرىش، يېنىدا قورال ئېلىۋېلىشلارنىمۇ ئەسكەرتىشكە ئۈلگۈردى. قېنى قىززىپ تەڭشىلىپ قالغان باللار چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

- ئاغىنىلەر، بىز سەھراغا قىز كۆچۈرگىلى بارامدۇق، ئادەم تۇتقىلىمۇ؟

- سەن بەلكى ئىچىڭ پۇشۇپ قالسا توينىڭ باھانىسىدە شۇ ياقلاردىن

2.3 دېھقاننى تۇتۇپ ئەكىلىپ، باشلىقىڭدىن مۇكاپات ئالامسەن.

- ھەي ئاغىنىلەر، بۇ 3 يىل ساقچى بولۇپ، چىغلىق مازاردىن بىر تال توشقاننىمۇ تۇتالمىغان تۇرسا . قانداق ئادەم تۇتالايدۇ. كۆرمىدىڭلارمۇ ئۇ كۈنى يامانتۇردا ئۆزى تۇتۇلۇپ قېلىپ تاياق يېگىنىنى. ھا ھا ھا .

- ھۆكۈمەت مۇكاپاتىنى ساڭا ئوخشاش رادىئودا توختىماي ماختايدىغان تەخسكەشلەرگە بېرىدۇ. بىلەمسەن؟

- ھېلىمۇ شۈكرى ئاغىنىلەر، ئارىمىزدىن بىگۇناھ ئادەم تۇتىدىغان. ئادەم چاقىدىغان، تەخسكەشلىك قىلىدىغان نامەرتلەر چىقمىدى.- مەمەتجان چاقچاقلارنى سىلىقلاشتۇرۇپ، تېمىنى يۆتكەپ، ئادىتى بويىچە ئۆرۈمچىنى ماختاشقا باشلىدى.- ئۆرۈمچىدىكى ياشلارنى كۆرىدىغان بولساڭلار، لاۋۇلداپ تۇرغان بىر پارچە ئوت. نەگىلا بارساڭ، ۋەتەن، مىللەت دەردىدە سۆزلەپ تۇرغان. ھۆكۈمەتنىڭ ناھەقچىلىكلىرىنى تەنقىدلەپ تۇرغان...

- ئۆرۈمچىنىڭ جىنى چاپلىشىپتۇ بۇ ئاغىنىگە. يا شۇ ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇپلا كەتمەمسەن. ھا. ھا. ھا....

- توختاپ تۇرە مەمەتجان. ئۇلار نېمىگە ئاساسلىنىپ شىكايەت قىلىدىكەن. نەگە شىكايەت قىلىدىكەن؟

- تالاي يىللاردىن بېرى قوراللىق قارشىلىق. ئاشكارا ھۇجۇم قىلىش، سىياسەتكە قارشى چىقىپ سۆزلەشلەر مەغلۇپ بولۇۋەرگەندىن كېيىن، ئۇلار «يولدىن چىقما. خاندىن قورقما» دەيدىغان بىر يولنى تاللىۋاپتۇ. مەركەزدىكى پالانى باشلىق مۇنداق دېدى. ئاپتونومىيە قانۇن لايىھىسىدە مۇنداق دېيىلگەن. لېكىن سىلەر مۇنداق قىلىۋاتىسىلەر دېگەندەك مەزمۇندا

ئىدارىسىگە، باشلىقىغا، بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگانىغا خەت يازىدىكەن، گېزىت، ژۇرناللارغا ماقالە يازىدىكەن. خەلق قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ سۇنىدىكەن. ئاڭلىشىمچە، كۆپ مەسىلىلەر خەلق قۇرۇلتىيىدا مۇزاكىرىگە چۈشكەندە بىزنىڭ پايدىمىزغا ھەل بولىدىكەن.

- ئۇنداقتا بىزمۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى قولىدىن يوق كەلمەيدۇ دەپ زاڭلىق قىلماي، قانۇنىي يوللار بىلەن مەسىلىلەرنى ئەرز قىلساق بولغىدەكقۇ؟

- بىزدە مەسىلە ئازمۇ ئاغىنىلەر، ناھىيىمىزنىڭ 80 پىرسەنت ئاھالىسى ئۇيغۇرلار، قاراپ بېقىڭلار ناھىيىلىك پارتكومدا 4 خىتاي، ئىككى ئۇيغۇر، بىر قازاق بار، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر مۇئاۋىن سېكرىتار. ھۆكۈمەتكە ئۇيغۇر ھاكىم بولغان بىلەن . ھەيئەتلەر ئىچىدە خىتاي، قازاق، موڭغۇللارنىڭ سانى ئۇيغۇردىن كۆپ. كومپارتىيە دېگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىسىمۇ ياكى خىتايلارنىڭ پارتىيىسىمۇ؟

- بىچارە دېھقانىنىڭ ھالىغا قاراڭلار، ئۆتكەندە بىر ستاتىستىكىغا قاراپ باقتىم، ھازىرقى غەللە - پاراق، باج - سېلىق، ئۈچ قالدۇرۇش، ھاشار - سىلىق دېگەنلەر گومىنداڭ ۋاقتىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. جاپاكەش دېھقانلىرىمىز تەرگەن ئاشلىقىنىڭ ئۈچتەن بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

- قارىىمسىلەر، دېھقانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىكىن دېسەم، خىتايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدىكەن ئەمەسمۇ، ناھىيىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ پولكلىرىغا قاراڭلار، ئات فېرمىسى، ئالما فېرمىسى، ياغاچ پونكىتى، سۇ باشقۇرۇش ئىدارىسى دېگەن ناملار بىلەن كۆچۈپ كەلگەن خىتايلار ھەممىسى سۇيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت، باغ،

ئورمانلارغا جايلىشىۋالدى، ھەممىسى ھۆكۈمەتتىن مائاش ئېلىپ ئىشلەيدۇ.

- بىلەمسىلەر، ھەر قايسى يېزا، كەنتلەردىن يەر ئاجرىتىپ كۆچۈرۈپ كەلگەن كەلگۈندى خىتايلارغا مەخسۇس ئورۇنلىشىش پۇلى بېرىلىدۇ. ئارمىيە تەرەپمۇ كۆپ ئىقتىساد ۋە ھەقسىز ئەمگەك كۈچى ياردەم قىلىشقا تەشكىللىنىدۇ. دېھقان، چارۋىچى بىلەن بولسا ھېچكىمنىڭ كارى يوق.

- ئاغىنىلەر، بۇيەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇئەللىمكەنمىز، مەسىلىنىڭ ئەڭ ئېغىرى مائارىپ ساھەسىدە. نېمىشقا ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىنى كۆپەيتمەيدۇ؟ ئىككى توك - توك خىتايلارغا بىردەمدە ئۈچ مەكتەپ قۇرۇپ بولدى. بۆلتۇر ئاپتونومدىن، ۋىلايەتتىن چۈشكەن مائارىپ ياردەم پۇلىغا ناھىيىمىز ئاجراتقان پۇلنى قوشۇپ، خىتاي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىنا قۇرۇلۇشىغا بېرىۋەتتى، بىر يىغىندا «پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ مائارىپىغا ئاجرىتىلغان پۇل نېمىشقا بىر مەكتەپكە ئىشلىتىلىدۇ؟» دەپ پىكىر قىلساق، ھەربىيدىن يېڭى كەلگەن سېكرېتار خىتاي تەپ تارتماستىن «پارتكومنىڭ مەبلەغنى بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش قارارى بويىچە ئىش قىلدۇق» دەپ جاۋاب بەردى.

- ناھىيىلىك پارتكومدىكى ئۇيغۇر، قازاقلار پوق يېگەنمىدۇ، گەپ قىلماي ئولتۇرۇشۇپ؟

- ھە، ئەلۋەتتە خىتاينىڭ پوقىنى يېگەن -دە ئۇ نېمىلەر. شۇڭا خىتايلار تاللاپ نەلەردىن ئەكىلىۋالغان غالچىلار ئۇلار. راھمانوفتەك ئىسىل ئادەملەرنى بىر دەمدىلا بەدنامنى ئارتىپ تۇتۇپ كېتىدۇ ياكى دۆڭگە يىقىتىپ، ھوقۇقتىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ.

- ئاغىنىلەر، بۇ يەردە قۇرۇق گەپ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق، ئىچىۋېلىپ قايناۋەرمەڭلار،- باياتىدىن بېرى هاراقمۇ ئىچمەي، تاماكىمۇ چەكمەي گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان، قارى لەقەملىك ئېغىر بېسىق شۈكرۇللا گەپكە ئارىلاشتى،- قۇرئان كەرىمدە يۇرتىنى ياتلار بېسىۋالغانلار ئۈچۈن جىهادنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە ئايەت بار. جىهاد بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ...-

ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە بىرى كەستى:

- توختاپ تۇر شۈكرى، ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ دەيمىز، ئازادلىق كۈرەش تارىخىمىزغا نەزەر تاشلىساق، مەيلى تاشقى سەۋەبلەرنى دەيلى، مەيلى ئىچكى تەبرىقچىلىقلەرنى دەيلى، ئىشقىلىپ هازىرغىچە ئىمان، ئېتىقادىغا سادىق، ۋەتەن سۆيگۈسىدە ئاتەشتەك يانغان، مىللىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان نۇرغۇن يېتەكچىلىرىمىز چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى توغرا نىشان ۋە تەۋرەنمەس نىزام بىلەن بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان بىر سىياسىي پارتىيە بولمىدى.

- بولدى، بولدى، نەق گەپنى قىلدىڭ ئاغىنە،- هاراقنىڭ كەيپىدە يۈزلىرى قىزارغان بىر نەچچە بالا باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى.

بىر - بىرىنى كۆرگەندە دەرت ئەھۋاللىشىپ، ئانچە - مۇنچە شىكايەت قىلىشىپ ئىچىنى بوشىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان باللار، هاراقنىڭ كەيپىدە تېخىمۇ جاسارەتلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان هالدا ۋەتىنىنى قانداق ئازاد قىلىشتەك مۇقەددەس مەزمۇنلاردا قايناپ سۆزلەۋاتقان شۇ پەيتتە، ياندىكى قوشنا ئۆيدە، گومىنداڭ دەۋرىدىن تارتىپ تەرجىمانلىق قىلىپ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، هۆكۈمەتكە كوجاڭلىق تەمەسىدە غالچىلىق

قىلىپ يۈرگەن بىر كىشى قولىقىنى تامغا يېقىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىماقتا ئىدى.

## جىگىرى بار يىگىت

توي كۈنى ئەتتىگەندە ناھىيە بازىرىدا يىگىت تەرەپكە، يامانتۇردا قىز تەرەپكە ئاش تارتىلدى. قۇربانىنىڭ يۈز- ئابرويىغا يارىشا تۆت تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇ ھەربىر مەھەللىگە بىردىن ئوغلاق تاشلاپ بەردى. كۈن قايرىلغاندا، ناھىيە بازىرىدىن 20 دەك دىشلو ھارۋىدا ئەر - ئايال، ياش قېرى بولۇپ 70 - 80 كىشى قىز كۆچۈرۈش ئۈچۈن زەينەپبۈۋىنىمۇ ئېلىپ يامانتۇرغا يېتىپ كەلدى. قۇدىلار ۋە يىگىتلەرنى ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە مەھەللىنىڭ يىگىت بېشى باش بولۇپ ئوتتۇز ئوغۇل كۈتۈۋالدى . ناھىيىدىن كەلگەن يىگىتلەرنىڭ بېشى مەھەللىگە كىرىش ئېغىزىدىكى كۆك شەلپەردە توسۇلغان كۆۋرۈك بېشىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئەدەپ بىلەن سالام بىجا كەلتۈردى. قىز تەرەپ ئوتتۇز ئوغۇلغا ئاتىغانلىرىنى- ئىككى ياشلىق موزاي، تۆت ياشلىق قوچقار، ئون - گۈرۈچ دېگەندەك سوۋغىلىرىنى تاپشۇردى. قىز تەرەپ يىگىت بېشى ئوتتۇز ئوغۇل بىلەن مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن، يولنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ مەھەللىگە كىرىشىگە ئىجازەت بەردى ھەمدە سازەندىلەرنىڭ ھاي، ھاي يۈلەن ناخشىسى ساداسى ئىچىدە جامائەت، ئاياللار، ياشلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. يىگىتلەر ھارۋا، ئات - ئۇلاغلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يەرلەشتۈردى، ئاتلارغا بوغۇز بەردى.

نىكاھتىن كېيىن تاماق تارتىلىپ، مېھمانلارنىڭ يارىشىقىغا مۇناسىپ سوۋغىلار ھەدىيە قىلىندى. ئارقىدىن دۇتتار، تەمبۇر، غىجەك، داپنىڭ تەڭكەشلىكىدە نەغمە - ناۋا باشلاندى.

مەھەللە ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە قۇربانىنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن قىز كۆچۈرۈلدى. بازارنىڭ يىگىتلىرى قىزنى قىزىل گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھويلىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا يېقىلغان گۈلخاندىن ئۈچ قېتىم چۆگىلىتىپ، بىرەلگەن كىلىن ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزدى. كۆيئوغۇل بىلەن بازارلىق يىگىتلەرنىڭ بېشى مەھەللىنىڭ ئايىقىغىچە ئۇزىتىپ كەلگەن ئوتتۇز ئوغۇلغا تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ، خوشلىشىپ رەسمىي يولغا چىقتى.

قىز كۆچۈرۈپ ماڭغان جامائەت قىزنى جىبدەل - ماجىراسىز، ساق - سالامەت ئېلىپ ماڭغىنىغا شۈكرى قىلىپ، شاتلىق ئىچىدە دۇتتار، تەمبۇرلىرىنى سايرىتىپ يېرىم يولغا كەلگەندە، ئوغلىقىنى يامانتۇرلۇق يىگىتلەرگە تارتقۇزۇپ قويۇپ ئەلەم بىلەن قايتىپ كېتىۋاتقان مۇيۇنگۇزەر مەھەللىسىنىڭ يىگىتلىرىگە يولۇقۇپ قالدى. ھاراقنىڭ كەيپىمۇ ياكى ئىچى يامان دەيدەيچىلەرنىڭ كۇشكۇرتىشىمۇ ۋە ياكى زەينەپبۇۋىگە كۆزى چۈشۈپ ئارماندا قالغان بىرەر چىدىماسنىڭ قەستىمۇ، ئىشقىلىپ قوشنا مەھەللە يىگىتلىرى توي كارۋىنىنىڭ يولىنى توستى.

- كۆيئوغۇل سالام بەرسۇن!

- تويچىلار بىزنىڭ مەھەللىنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتسە سەت تۇرمامدۇ. قىز ئوخشاشلا بىزنىڭ قىزىمىز. بۈگۈن مەھەللىدە كۈتۈۋالىمىز.

- ئەگەر ئالدىرىساڭلار، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ رىسقىنى تاشلاپ كېتىڭلار.

- قوي، هاراق بولمىسا، پۇلنى تاشلاڭلار...

ھەركىم ئاغزىغا كەلگەننى دەپ يولسىز تەلەپلەرنى ياغدۇرۇۋەردى. بازارلىق يىگىتلەر (ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ باللىرى، ناھىيىدىكى ئىدارىلەرنىڭ كادىرلىرى ئىدى) خورلۇققا چىدىماي چاپان سېلىپ چىقىشتى. دەسلەپ نوچىلار، كېيىن چىدىماسلارمۇ ئارىلىشىپ بىر مەيدان قىيقاس سۈرەنلىك جەڭ بولدى. مۇشتلاش ئاخىرىدا ئات ئۈستىدە قامچىلاشقا ئايلاندى.

- پاك، پاك، پاك! - تۇيۇقسىز ئاسماننى تىترىتىپ ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق ھەممىنى تەمتىرىتىپ جايىدا توختاتتى.

- ئادەم ئۇرغان قاتىللار قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كىم ئادەم ئۇرىدىكەن، شۇ ھېساب بېرىدۇ. - ساقچى كىيىمى كىيگەن بىر يىگىت ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قاپقارا پارقىراپ تۇرىدىغان تاپانچىسىنىڭ ستۋولىنى ئاسمانغا قارىتىپ ھەيۋە بىلەن توۋلىدى. ئوق ئاۋازىنىڭ ئۈنۈمى بولدى، ھەممە بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمدى.

- قېرىنداشلار، بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، ھەممىمىز ئۇيغۇر، قاچانغىچە ئەرزىمەس جېدەللەر بىلەن ياتلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىمىز. باشقىلارنىڭ بىزنى تۇتۇپ، سولاپ، ئۇرۇپ قىيناۋاتقانلىرى يەتمەمدۇ؟ - ئوق ئاۋازىدىن كېيىنكى جىمجىتلىق ئىچىدە مەمەتجاننىڭ ئاۋازى كۆكنى يېرىپ جاراڭلىدى. مەمەتجاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر مەھەل نېمە قىلارىنى بىلمەي تىڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان ياشلار ، ئۇنىڭ كەينىدە ئاق ئارغىماق ئۈستىدە سۇرلۇك قىياپەتتە قاراپ تۇرغان مەھمۇد داموللامنى كۆرۈپ، خىجالەت ئارىلاش يەرگە قاراشتى. جامائەت بىلەن ئالدىدا كېتىۋاتقان داموللام جېدەلنى

ئاڭلاپ كەينىگە يېنىپ ئاتلىق چىپىپ كەلگەن ئىدى.

- مۇھەممەدجان ئوغلۇم توغرا دەيدۇ، باللىرىم.- مەھمۇد داموللام يوقىرى ئاۋازدا ئۇلارغا قاراپ خىتاب قىلدى.- نومۇس قىلىشنى ئۆگىنەيلى قېرىنداشلىرىم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقى - پەزىلەتلىرى نەگە كەتتى؟ بىز بىر - بىرىمىزنى ئۇرۇپ جېدەل قىلساق، باشقىلار تاماشا كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۆتىۋەر ئۇستازىمىز ئابدۇلقادىر ئابدۇۋارىس قەشقىرى داموللام «بىر مىللەتنىڭ زەبۇن ۋە خار بولمىقى، بىرى جاھىللىق ۋە نادانلىقتىن. يەنە بىرى تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتىن كېلىدۇ. ئىززەت، ئابروي ۋە كۈچ، بىلىم،مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىقتىن كېلىدۇ» دېگەن ئىدى. بىز ئۇيۇم، ئىناق، ئىتتىپاق بولساق ھېچكىم بىزنى بوزەك قىلالمايدۇ. ئەتراپقا قاراپ بېقىڭلار، جېدەل قىلىۋاتقان 50 - 60 نەپەر نەۋقىران ئۇيغۇر ياش يامانتۇردىن، مۇيۇنگۇزەردىن، بازارلىق يېزىدىن كەلگەنلەر، سىلەر ھەممىڭلار ئۇيغۇرنىڭ باللىرى، ساتۇق بۇغرا قاغاننىڭ ئەۋلادلىرى، سادىر پالۋاننىڭ ئەۋلادلىرى، سىلەر بىر- بىرىڭلارغا مۇش ئاتساڭلار، كىملەر كۈلىدۇ، كىملەر يىغلايدۇ؟ قاراپ بېقىڭلار! - داموللام كەينىگە بۇرۇلۇپ تاش يول ئۈستىدە توختاپ تۇرغان ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇسلارغا قارىدى. ھەقىقەتەن ئىككى سىمتاناپ تۆۋرىكى يىراقلىقتىكى تاش يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇسلار يول بويىدا توختاپ، كۆك چاپان، سېرىق لاتا شەپكە كىيىۋالغان شوپۇر ۋە يولۇچىلار ھەممىسى قاھ - قاھلىشىپ كۈلۈشكەن پېتى تاماشا كۆرۈۋاتاتتى.

يىگىتلەر خىجالەتتە يەرگە قاراشتى. بىر مۇنچىلىرىنىڭ ئاغزى، بۇرنى قان، ئىككى تەرەپتىن بولۇپ، تاياق زەربىسىدىن ۋە ئات دەسسىۋېتىپ ئايىقى مىجىلغان 7- 8 يىگىت يەردە ياتاتتى.

- كەينىڭلارغا قايتىڭلار،- مۇيۇنگوزەر مەھەللىسىدىكى يىگىتلەرگە باش بولۇپ جېدەلگە كىرگەن بەستلىك بىر بالا تەرەپدارلىرىغا قاراپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ داموللامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى،- بىزنى كەچۈرسىلە داموللام، نادانلىق قىلىپ قويۇپتۇق. كۆپچىلىكتىن، توي قىلغان يىگىتتىن ئەپۇ سورايمىز. تەۋەيىمىزدە ئىككىنچى بۇنداق بىر پاراكەندىچىلىككە يول قويمايمىز.- ئۇلار يارىدارلىرىنى يۆلەشتۇرۇپ بىر مۇنچە ھۆزۈرخالىقلار بىلەن مەھەللىسىگە قايتتى.

توي ھارۋىلىرى بوۋاي، موماي، قىز، چوكان دېگەندەك كۆپچىلىكنى ئېلىپ خېلى ئۇزاپ كەتكەن ئىدى. بازارلىق تويچىلارمۇ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇلار سان جەھەتتىن ئاز بولۇپلا قالماي، جېدەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قىز تەرەپتىن كېتىۋاتقان يىگىتلەرنىڭمۇ تۇيۇقسىز يۈز ئۆرۈپ، قوشنا مەھەللىدىكىلەرگە بولۇشۇپ تەرەپ تارتىشى نەتىجىسىدە كۆپرەك تاياق يەپ، زىيان تارتقان ئىدى. ئۇلارمۇ ۋايجانلاۋاتقانلارنى يۆلەشتۇرۇپ ئات ھارۋىلارغا ئارتىپ ماڭدى. توي جامائىتى بىلەن بىللە ناھىيىگە قىز كۆچۈرۈپ كۆتۈۋاتقان يامانتۇرلۇق يىگىتلەر بولسا جايىدا توختاپ قالدى ۋە مەسلىھەتلىشىپ ناھىيىگە بېرىشتىن ۋاز كەچتى. بىر مۇنچىلىرى سالا قىلىشقان بولسىمۇ، داموللام ئۇلارنىڭ قارارىنى توغرا تاپتى.

ئەسلىدە جېدەل باشلانغاندا، ناھىيىدىن كەلگەنلەر بىلەن قىز تەرەپ يىگىتلەر بىرلىكتە، يول توسىغان قوشنا مەھەللە يىگىتلىرىگە قارشى مۇش ئاتقان ئىدى. قوشنا مەھەللىنىڭ بالىلىرى ئاز كېلىپ، كۆپرەك يېقىلىۋاتقان بىر پەيتتە، بازاردىن كەلگەن بالىلاردىن بىرسى ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

- ئۇرە، تازا سال! سەھرالىق تومپايلارغا مەدەنىيەتلىك مۇشنىڭ تەمىنى

ئوبدان تىتتىسپ قوياىلى! - دېگىنىچە، بىلىدىكى ھەربىرچە كەمىرنى سوغۇرۇپ چىقىرىپ ئالدىدىكى جۇۋەك بىر بالىنى غۇلاچلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

- نېمە دەۋاتىسەن، ھەي لاتا غىلاپ، ئاتا، بوۋاڭنىڭ ئەدەپ قامچىسىنىڭ تەمىنى سەنمۇ تىتتىسپ باقا! - باياتىن پىرقىراپ يۈرۈپ مۇش ئېتىسپ بازارلىق باللارنى قوغداۋاتقان مىجىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا بىرلا ئۆرۈلۈپ، كەمەر تۇتقان بالىغا قامچا سالدى. شۇنىڭ بىلەن يامانتۇرلۇق باللار بىر دومۇلاپلا شەھەر باللىرىغا، توغرىسى يىگىت تەرەپكە قارشى ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. مىجىتنىڭ بۇ ئاچچىقىغا دېھقان قېنى سىڭگەن غورۇرى يول قويمىدىمۇ ياكى ئۆتكەندە بازارلىق باللاردىن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى قوزغالدىمۇ، بىلگىلى بولمىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە بازارغا كىرىشى، پەقەتلا كىچىلىك ئۈچ ئېلىش جېدىلىگە سەۋەب بولۇپ قالاتتى. بازاردىكى تويدىن يالتايغان يىگىتلەر كەينىگە قايتىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشراق باللار تاش يول بويىدا قاراپ تۇرغان خىتايلارغا ئاغزىنى بۇزۇپ ۋارقىرىغىنىچە نەچچە پارچە تاشنى غۇلاچلاپ ئېتىشتى، ئۇلار ھودۇقۇپ ئالدىرىشىپ ئاپتوموبىللىرىغا چىقىسپ تىكىشەتتى. كۆپچىلىك بۇ تاماشاغا كۈلگىنىچە قوپالماي قالغان ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماكا ئۇراشقا باشلىدى. ئارىسىدىن بىرسى سوئال سورىدى:

- ۋوي ئاغىنىلەر، دىققەت قىلدىڭلارمۇ، كۆيوغۇل مەمەتجان قانداق قىلىپ بۇ جېدەلگە كىرىپ كەتتى؟

- توختاپ تۇرغىنا، راس، بۇ مەمەتجان زادى كىم تەرەپ بولۇپ سوقۇشتى، بىلەلمەي قالدىمغۇ؟

- مەن زەن سلىپ قاراپ تۇردۇم، ئۇ دەسلەپ جېدەلنى بىسسقتۇرماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا سۆزلەپ باقتى، ئاقمىغاندىن كېيىن كىم مۇش ئاتسا بىرىپ شۇنى توسۇپ باقتى. ئۇمۇ بولمىغاندىن كېيىن، كىم بەكرەك جېدەل قىلسا بىرىپ شۇنى بىر مۇش بىلەن موللاق ئاتقۇزۇپ يىقىتىپ تۇردى. توغرىسى ھېچبىر تەرەپكە يان باسمىدى. ئەممازە، مۇشنىڭ خېلىلا تورى باركەن جۇمۇ، خۇددى قورۇۋانكامدەك. ئاخىرى جېدەلنىمۇ بىر ئېغىز گىپى بىلەن توختاتتى.

- دېمىدىمۇ، كۆيوغۇلنى جېنى بار ئەركەك، جىگىرى بار يىگىتكەن دەپ.- ھەممىسى تۇشمۇ - تۇشتىن مەمەتجاننى ماختاپ كىتىشتى.

## سوتتىكى غالىبىيەت

توينىڭ ھاردۇقى چىقمايلا «قىسىر ئېغىز» نىڭ ئىگىلىرى ئۇچۇق سوتقا چاقىرتىلدى. ئۇلار دەسلەپ «بازارلىق يىگىتلەر ئۇرۇۋېتەرمىكىن » دەپ قورقۇشقان بولسىمۇ، ئەمما جانجان مەنپەئەتلىرىنىڭ مېھرى ئۇلارنى ناھىيگە ئېلىپ باردى. بۇلار سوت مەيدانىغا كىرىپلا كىنولاردىكىدەك سۇرلۇك كۆرۈنۈشلەردىن قورۇنۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدى.

- كىلىڭلار ئاغىنىلەر، بۇ ياققا، بىللە ئولتۇرىمىز.- ھاكىمنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ خۇدىنى يىغىۋېلىشىغا ئەسقاتتى. ئۇلار ئاستا ئەيمىنىپ ئولتۇردى، قۇربان ھاكىمنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. سوت باشلاندى. قىزىق ئىش، ھەممە يەردە تۆردە ئولتۇرىدىغان ھاكىم، سېكرىتارلار بۇ يەردە ئاما ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ھەيۋەتلىك سوت كىيىمىنى كيىگەن سوتچى ئوتتۇردا، يەنە بىر

نەچچىسى ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇشتى. «ئادۋوكات» دېگەن تاختا قويۇلغان ياندىكى ئۈستەلدە مۇھەممەتجان قاپىقىنى تۈرگىنىچە، بىرمۇنچە ماتېرىيالنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ ئولتۇراتتى. «ھىم، ئىش چاتاق بولىدىغان بولدى»- دەپ ئويلىدى مىجىت ئىچىدە،- مۇھەممەتجان بار ئاچچىقىنى بىراقلا چىقىرىۋالىدىغان بولدى- دە»، ئۇ ئادۋوكات دېگەننىمۇ ئوخشاشلا سوراقچىلار دەپ چۈشىنەتتى.

ھەق تەلەپ دەۋاسى باشلاندى. قارشى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى دەسلىۋىدىلا سوتنى خىتاي تىلىدا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەمەتجان كۈلۈپ تۇرۇپ:

- سىز دېگەن ھۆكۈمەت قورۇلۇش ئورگىنىنىڭ ئادۋوكاتى، سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز چىقارغان قانۇندا دەۋاگەرلەر ئۆز تىل، يېزىقىدا دەۋا قىلىش، سوت قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ دەپ ئېنىق يېزىلغان. بۇ قانۇنغا سىز ئۆزىڭىز رىئايە قىلمىسىڭىز، پۇقرالاردىن نېمىنى كۈتمەكچىسىز؟- دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى. ئىككى تەرەپنىڭ دەۋا - شىكايەت، قارىلاش، ئاقلاش نوتۇقلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. نۇرغۇن سۆزلەر، تالاشلاردىن كېيىن دەۋاگەر دېھقانلار دەۋادىن بىرمۇنچە تۆلەمگە جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. «قورۇلۇش مەيدانىدا ئىككى يېرىم كۈن ئىش توختىتىپ قويدى، زىياننى تۆلىسۇن»، «بىر دانە تراكتورنى كاردىن چىقىرىۋەتتى، تۆلىسۇن»، «ئارمىيىلەرنى ھاقارەتلىدى، جاۋابكارلىققا تارتىلسۇن» دېگەندەك بىر مۇنچە قالپاقلار ئارقا- ئارقىدىن ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا قونۇشقا باشلىدى. «ئاپلا، ئۇتتۇرۇۋېتەمدۇق- نېمە» قورباننىمۇ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. مۇھەممەتجانغا سۆز بېرىلدى، ئۇ تولۇق بىر سائەت سۆزلىدى. ئاردا كۆپچىلىك ھاياجان ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم چاۋاك چېلىپ

ئۇنى ئىلھاملاندۇردى، ئۇ دېھقاننىڭ ھالال مەنپەئەتى دەخلى- تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەندە، ھەتتا ھاكىمنىڭمۇ كۆزلىرى نەملەندى، مۇھەممەتجان ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقان ھەق- ناھەقنىڭ تارازىسىنى بىردەمدە تۈزلەپ قويدى. دەۋاگەر دېھقانلار ھەيران قالدى، مۇھەممەتجان ئۇلارنى ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلالمىغان، ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان، ھەتتا بىلمەيدىغان تەرەپلەردىن ئاقلاپ ھىمايە قىلماقتا ئىدى.

- سوتچى ئەپەندىم، دۇنيادا ھازىرغىچە قانۇن بىلەن ۋىجدان ھەققەت تارازىسىدا تىركىشىپ كېلىۋاتىدۇ. تارازىنى تۇتقانلار ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئورنىغا تارازىنى تۇتقۇزغانلارنىڭ كۆزىگە قاراپ تون پىچىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇنىدا، ئاپتونومىيە قانۇنىدا، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا شۇنىڭدەك ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنلىرىدا ماددىمۇ - ماددا ئېنىق بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ قويۇپ، ئىجرا قىلىدىغان چاغدا قانۇنغا ئەمەس، ئەمەلدارنىڭ چىرايىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىۋاتىمىز. بولۇپمۇ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن يەرلىك كوللىكتىپنىڭ، ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشقاندا، ئەمەلدارلار دەۋاغا ئارىلاشسا، نېرى تۇر دېيەلمەيمىز، ئەمەلدالار يولىيورۇق بەرسە، قولىمىزدا قانۇن بار، سەن ئارىلاشما دېيەلمەيمىز. بۇنداق ئەھۋالدا، قانداقمۇ قانۇننىڭ ئادالىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

«قىسىر ئېگىز» دەۋاسىدىكى ناھەقچىلىقلارنى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قانۇننى ئاياق ئاستى قىلغان جىنايى پاكىتلارنى، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يولسىز زوراۋانلىقلىرىنى، دۆلەتنىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى قايرىپ قويۇپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغان، بوزەك قىلغان، ئىقتىسادى زىيان

سالغان قىلمىشلىرىنى يوقىرىدا بىرمۇ - بىر سۆزلەپ ئۆتتۇم. بۇ يەردە يالغۇز ھەق تەلەپ مەسىلىسىلا ئەمەس. دۆلەتنىڭ قانۇنىنى ئاياق ئاستى قىلغان، قاتمۇ - قات جىنايەت شەكىللەندى. ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

سوتچى ئەتراپىدىكى ياردەمچىلىرى بىلەن بىر ھازا مەسلىھەتلىشىپ، مۇزاكىرىلىشىۋالغاندىن كېيىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى:

- قورۇلۇش ئورنى دېھقانلارغا 8400 يۈەن تۆلەم تۆلەيدۇ!

كىملەرنىڭدۇ ئاغزى ئۈمچەيدى، ناھىيىنىڭ خىتاي سېكرىتارى كۆزەينىكىنى ئېلىپ سوتچىغا ھەيران قالغاندەك تىكىلىپ چەكچەيدى. قورۇلۇش ئورنىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆڭۈپ - تاتىرىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ئادۋوكاتىغا ئالىيىپ، تەرجىماننى سىلكىشلەپ، غودۇڭشىغىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ ئالدىراپ زالدىن چىقىپ كەتتى.

زالدا بولسا دېھقانلارنىڭ غالىبىيەت تەنتەنىسى ياڭرىدى. دېھقانلار ھاياجان ئىچىدە ئۆزلىرىنى باسالماي كۆز يېشى قىلماقتا ئىدى.

ھەممە مۇھەممەتجاننى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتماقتا.

- ئاغىنىلەر، پۇلىمىزنى ئالساق، مۇھەممەتجان ئىنىمىزغا تۇزۇكرەك ئادىمگەرچىلىك قىلىپ قويايلى، جۇمۇ؟

- راست، شۇنداق قىلايلى.

- مەنغۇ سېمىز قويدىن بىرنى ئاتاپ قويدۇم.

# تۈگمەس ماجرالار

ئادەمنىڭ كۆزى قۇياشقا ئوخشايدۇ. بالىلىق دەۋردىكى ساددا ئويناق كۆزلەر ئۈمىد بىلەن چاقناپ چىققان تاڭ قۇياشىغا، نەۋقىران پەسىلدىكى ئۆتكۈر، ئوتلۇق كۆزلەر ھارارەت ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان چۈش قۇياشىغا، مۇيسىپىت چاغدىكى ئۈمىدسىز، خۇنۇك كۆزلەر بولسا قىيمىغان ھالدا پېتىپ كېتىۋاتقان گۇگۇم قۇياشىغا ئوخشاش. پەقەت ئۈمۈمىلىق نۇقتىئىينەزەردىن ئېيتقاندا شۇنداق. ئىنسان روھىغا نىسبەتەن جەزىم قىلىش كېرەككى، كۆز - خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ، غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ، بەخت بىلەن بەختسىزلىكنىڭ ئۆلچەم بەلگىسى. كىشى كۆڭلىنى ئەڭ يارقىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەينەك.

مانا، ياشلىق پەيزىنى سۇرۇۋاتقان مىجىتنىڭ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى، چوڭقۇر خىياللار دېڭىزىدىن چىقالمايدىغان يۇسۇپ باخشىنىڭ نەشە كەيپىدە يۇمۇلۇپ يوقاپ كېتىدىغاندەك قىسىق كۆزلىرى، بەش بالىنىڭ ۋە ئېشىكىنىڭ قورسىقىدىن باشقا غېمى يوق بىغەم قاسىم ياغاچىنىڭ سانسىز قورۇقلار ئارىسىدا چىمىلداپ تۇرغان گازىر كۆزلىرى بۈگۈن باشقىچە نۇر ياغدۇرۇپ ئويناپ تۇراتتى. ھەركۈنى تالاي غەم- قايغۇ يۈكىنى ئارتىپ، لۈمشۈپ كېتىۋاتقان تۈگمەن كارۋىنىدەك ئېغىر ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ كۆزىگە نېمىشقىدۇر شادلىق بىلەن

ئويناقشىپ يۈگۈرۈۋاتقان كىچىك باللاردەك شوخ ۋە ئىسسىق كۆرۈنۈشكە، ئۇنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن چاچراپ چىقىدىغان ۋە قىرغاقتا ئۆزىنى زەردە بىلەن ئۇرىدىغان سۇرلۇك دولقۇنلىرىمۇ گويا خۇشچاقچاق گۈزەل قىزلارنىڭ سۆيگىنىگە چىچىۋاتقان سۇ تامچىلىرىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىقنىڭ نۇرى جىلۋە قىلاتتى. باشقىلار كۈلۈپ تىلىقىپ قالىدىغان چاقچاقلارغا ئاران مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويىدىغان قاسىم ياغاچ بۈگۈن ئەرزىمىگەن سۆزلەرگە قاقاقلاپ كۈلۈۋاتاتتى. ئۇ دەرياغا تىكىلگىنىچە سۆز باشلىدى:

- ئاغىنىلەر، قۇربان يەنە بىر سائەتتىن كېيىن پۇلنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئويلىسام يەر ئىسلاھاتى، كوپىراتسىيە دېدۇق، بەشكە قارشى، ئۈچكە قارشى دېدۇق، كوممۇنا، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دېدۇق، ئاخىرى سوتسىيالىستىك تەربىيە، مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېدۇق. ئىشقىلىپ ئۇنى- بۇنى دەپ ئۆمرىمىز كېتىپتۇ، مانا مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر مىڭ كويي پۇلنى قولىمىزدىن تۇتۇپ ساناپ باقماپتىمەن جۇمۇ، خۇدا بۇيرۇسا ئەمدى شاراقشىتىپ خەجلەيدىغان ۋاقتى كەلگەن ئوخشايدۇ.

- مەن ساناپ باققان، ھەر قېتىمدا نەچچە باغلام پۇلنى ساناپ كېتەتتىم.- يۈسۈپ باخشى ھىجىيىپ سۆزلىدى.

- ھە، سەن ھەربىر پەنەكتە بىر باغلامدىن پۇل ساناپ خىيال قىلىپ

ئۆگىنىپ كەتتىڭ- دە.

- بىچارە قورۋان بىزنى دەپ كۆپ جاپا چەكتى جومۇ. خۇدايىم شۇنىڭ بەختىنى بەرسۇن.

- ھە، تازا بەردى خۇدايىم. قىزى قاچقان كۈنى تاياقنى مىجىت يېگەنىدى، توي كۈنى ھەممىمىز يېدۇق ئەمەسمۇ؟

چۈشكە يېقىن قۇربان سوتتىن ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن تۆلەم پۇلنى ئالغىلى كەتكەنىدى. قالغانلار ئۆيلىرىگە بىرىپ كۈتۈشكە تاقىتى چىدىماي ئېتىز بېشىدا- يول بويىدىلا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ ھەپتە ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن توينى، تويدىكى مۇشتلاش - جىدەلنى ئەسلەپ كۈلكە قىلىشتى.

- قاراڭلار، قورۋان كەلدى.

ھەممىسىنىڭ كۆزى قۇرباندا ئەمەس، قۇرباننىڭ ئاستىدىكى تورىيورغا ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاقلىق سومكىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ باشلىرى سومكىغا ماسلىشىپ رىتىملىق سىلكىنىپ مىدىرلىماقتا ئىدى. غانجۇغىدا لەپپەڭشىپ تۇرغان ئېغىر سومكا مانا مەن پۇل دەپ تومپىيىپ تۇراتتى.

قۇربان ئاتتىن چۈشكىنىدە ھەممىسى تەڭلا «بىسمىللاھ» دەۋەتتى. قۇربان چۆپلۈك ئۈستىدە ئالدىرىماي چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سومكىنى ئېچىپ 9-8 بولاق پۇلنى چىقىرىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

توۋا! قۇربان ھەمراھلىرىغا ئاستا- ئاستا سەپسىلىپ ھەيران قالدى. بۇلار ھەممىسى بىر- بىرىنى تونۇيدىغاندەك ئەمەس. بۇلار خۇددى تەڭكادا ئولتۇرۇپ دەتتىكامغا تاشلانغان تۆت ھوشۇقنىڭ قانداق چۈشكەنلىكىنى

كۆزنتتۇاتقان قىمارۋازلاردەك، ئالدىغا چۈشكەن ئۆلجىنى بۆلاشقا تەييار تۇرغان ئاچ بۆرىلەردەك ئىدى. شۇ مىنۇتتا نەچچە ئىنساننىڭ چىرايى ئۆزگەردى، خاراكتېرى ئۆزگەردى. كۆزلىرىدىن بولسا نېمە مەقسەتتە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، رەڭگىنى ئايرىش تەس بولغان بىر خىل ئوت چاقنىماقتا ئىدى. قۇربان شۇ كۆزلەردىن نېمىلەرنىدۇر ئىزدەشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ يوشۇرۇن قەلبىگە قول سېلىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىپ سىنچى كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكتى.

مىجىت شۇ تاپتا خىياللار ئىلكىدە مەست ئىدى، «ئاھ پۇل، - دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە، - سېنىڭ ماڭىمۇ ھەمراھ بولىدىغان چاغلىرىڭ بولىدىكەن-ھە. سەن بولغىنىڭدا بىچارە ئانام ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتمەيتتى. سېنىڭدىن بىر تۇتام بەرسەم دوختۇرلار ئانامنى داۋالاپ ساقايتىۋالغان بولاتتى. سەن بولغان بولساڭ، ئوتتۇز يېشىمغىچە، ئۆيلىنەلمەي بويتاق يۈرمىگەن بولاتتىم... خەپ، سېنى.»

قاسىم ياغاچچىنىڭ كۆزلىرى قېتىپلا قالغانىدى. ئاستىنقى ئېڭىكى ئىختىيارسىز تىترەيتتى، «مانا، ئەمدى ئىشىم ئوڭ بولىدىغان بولدى. قېنى خوتۇنۇمنىڭ ۋۇي قەلەندەرنىڭ بالىسى، ئۆمرۈمدە بىر تىيىنلىق خوۋلىقىڭنى كۆرمىدىم. ماڭ، چىق ئۆيدىن، - دېگىنىنى بىر ئاڭلاپ باقايچۇ، ھەي بالىلىرىم- زە، بۇگۈن مېنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئوينىتىدىغان بولدى-دە. خەپ ئېشكىمگە يېپىپىگى بىر توقۇم سېتىۋالمىسام. «ئۇنىڭ خىيالى تولىمۇ ئاددىي ئىدى، ھەر ھالدا ئۆز نېسۋىسىنىڭ يۈزدىن بىرىدىنمۇ رازى ئىكەنلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

«ھەي، مۇشۇ پۇلنىڭ جىمىسى مېنىڭ بولغان بولسا، - يۇسۇپ باخشىنىڭ

نىيىتى بۇزۇلغانىدى.- تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئاتىنىڭ بېشىدەك ئون كاللەك نەشە ئەكىلىۋالغان بولسام، بىر يىل ساتسام ئون دوملايىتتى- دە، بىر ئۆيۈر يىلقا قىلىۋالاتتىم. ھەي، پۇلنى ئالغىلى مەن بارغان بولسامچۇ؟ شۇ تاپتا شۇنداق بىر ئايەت بولسىدى، سۇق دېسەم ھەممىسى تەگلا...»

ئابەكنىڭ بۇرىكى قۇربانغا ئايان. ئۇ تېخى ئاخشاملا قۇرباننىڭ ئۆيىگە كىرىپ: «قۇربانكا، قانچە بەرسەڭ بىز رازى. بەرگەن پۇلۇڭنى نېمىگە ئىشلەتسەم بولار؟» دەپ مەسلىھەتمۇ سورىغانىدى. قۇربان ئۆزىنىڭ تېگىشلىكىگە خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە ساغلىق قوي ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

- بولدى قىلىشە ئاچكۆزلەر، كۆزۈڭلارمۇ تويغاندۇ؟- قۇربان ھەممىسىنى شېرىن خىيال ئۆيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى.- قېنى گەپ قىلىڭلار، قانداق بۆلۈشىمىز؟

ئۇلار يەنە شۈك بولۇشتى. ھەر كاللىدا بىر خىيال، بىر پىلان.

- شۇ، قۇرۋان، ئۆزەڭ بىزنىڭ بېشىمىز، سەن بىرنېمە دېگىن.

- مېنىڭچە، «قاپمۇ تەڭ، قاپچاقمۇ تەڭ» دېگەندەك، تەپمۇتەڭ بۆلۈشسەك قانداق؟

- مەن قۇرۋانكامنىڭ بەرگىنىگە رازى. ئۇللا- بىللا غىڭشىمايمەن.

- ھەممىڭلار بىلىسىلەر، مېنىڭ تېرىلغۇم ئەڭ كۆپ، مېنىڭچە يەرگە قاراپ تەقسىم قىلساق.

- ياق، ياق، خۇدا ئالدىدا ھەق بولىمىز دېسەك، ھەممىمىزنىڭ ئۆيىمىزدىكى جان سانىغا قاراپ تەقسىم قىلساق بولامدىكىن.

- نېمىشقا؟- مىجىت سوئال بىلەن يۇسۇپ باخشىنىڭ سۆزىنى بۆلدى.- بۇ گەپچە قۇرت- قوڭغۇزدەك جەمەتىڭنى ساناپ ھەممە پۇلنى ئەپكېتەي دەپسەن- دە.

- شۇ ئەمەسمۇ؟ ھۆكۈمەتمۇ پۇل بەرسە، جان سانىغا قاراپ بېرىدىغۇ؟ بىر يېرى ئادىل بولمىسا...

- سەن چۆچۈردەك بالىلىرىڭنى دەسمايە قىلىپ ھۆكۈمەتتىن قۇتقۇزۇش ئالغىنىڭنى بۇنىڭغا ئوخشاتما.

- نېمە دەيتتىڭ؟ قانداقلا ھېسابلىما، مەن ئەڭ كۆپ ئالىمەن. بىرىنچىدىن، بالام كۆپ، قىيىنچىلىقىم ئېغىر، ئىككىنچىدىن، مەسچىت ئىشلىرى بىلەن جامائەتكە كۆپ چىقىمدار بولىمەن. ئۈچىنچىدىن...

- ئۈچىنچىدىن، تاغدا مال- چارۋام جىق، تۆتىنچىدىن، ھوسۇل بېرىدىغان زىرائىتىم جىق دېمەمسەن؟

- سەن نېمە قىلىپ بەرگىنىڭگە ئالىسەن، چوشۇرگىدە بىر كېچە يېتىپ تاياق يېگىنىڭگە پۇل ئالامتىڭ؟ سېنىڭ ئىشىڭ ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىدىغۇ؟ پۇلنى زىيانغا بەرگەن.

- ئاناڭنى، زەڭگى باخشى،- مىجىت چىدىماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يۇسۇپنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر دېگەندەك، يۇسۇپ كاللا بىلەن ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى قويدى، مىجىت كاللا زەربىسىدىن ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بېرىپ غۇلاچلاپ بىر مۇشت ئاتتى. تۇغقانچىلىق، قوشنىدارچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ بەش ئائىلە قايسىسى قايسىسىغا يان بېسىشنى بىلمەيتتى.

- تاپتىن چىققان بەندىسىگە ئاللاھ ئۆزى ئىنساپ بەرمىسە.- قۇربان قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇلارنى توختاتتى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى.- ھوي ئەخمەقلەر، ماۋۇ قەغەزنى كۆرۈڭلار، بۇ پۇل ئۆزى تەقسىم قىلىنقلىق تۇرسا. بىز دەۋا قىلغاندا، كىمنىڭ قانچە مو يېرى زىيانغا ئۇچرىغانلىقى، ھەر موغا قانچە تۆلەم تۆلىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق ئېيتقان. سوت شۇ بويىچە تۆلىتىپ بەرگەن تۇرسا. يەنە نېمىنى تالىشىسىلەر؟ مۇشۇ ھۆكۈمەت، موشۇ يەرلەرلا بولىدىكەن، سەنلەرلا بولۇشىدىكەنسەن. ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى ۋە دولقۇنلىرى تۈگىمىگەندەك، بۇ يۇرتتا جېدەل تۈگىمەيدىغان ئوخشايدىغۇ؟

تۆت نەپەر دېھقان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇللارنى بېشىنى كۆتۈرمەي ساناشقا باشلىدى. قۇربان پۇل سېلىنغان خالتىنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى-دە ئۇزاق - ئۇزاقلارغا، تەڭرىتېغىنىڭ ئاپپاق چوققىلىرىغا، قارىغايلىق چەكسىز تاغ تىزمىلىرىغا، ئىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان دەريا ئېقىنىغا، ئالتۇن رەڭگىدە سارغىيىپ تۇرغان ۋادىلارغا نەزەر تاشلاپ چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدى.

ئاھ ۋاپاسىز دۇنيا. بىر تۈركۈم ئىنسانلار قولىدىكى پۇلنىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنيانى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىدىغان كۈچكە ئىگە بولىدىكەن. ھەقىقەتنىڭ يۈزىگە يالغاننىڭ رەڭگىنى بېرىپ، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىۋېتەلەيدىكەن. بايلىق - پۇل ئۈچۈن كۆزى قىزارغان ئاچكۆزلەر ھۆر ھاياتقا تەلپۈنگەنلەرنى ئالداپ، قورقۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى رەھىمدىل قوتقۇزغۇچى پەردىسى بىلەن پەدەزلىيەلەيدىكەن. ئەنە شۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ھەقىقەت دەپ تونۇلغاننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالايدىكەن، ھەتتا گۇناھكار قىلىپ قويالايدىكەن.

يەنە بىر تۈركۈم ئىنسانلار ھايات قاينامىلىرىدا شۆھرەت تېپىش ئۈچۈن پۇلنىڭ قولى بولۇپ ئۆزىنى دەپسەندە قىلىپ ياشايدىكەن. پۇل ئۈچۈن جېنىنى دوغا ئاتىدىغانلار، ۋىجدانىنى ساتىدىغانلار، ئەل - يۇرتىنى قۇربان قىلىدىغانلار ھەر دوقمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۇ دۇنيادا ئەمەس، بۇ دۇنيادىمۇ ھېساب ئالىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىنە؟!

ئاھ، مەناسىز ھايات، ئەنە، پۇلدىن - بايلىقتىن، ھەتتا ھاياتىدىن ۋاز كەچكەن، ۋەتەن، مىللەت دەپ كۆكرەك كېرىپ چىققان تالاي ئوغلانلار شېھىت كەتتى. تۈرمىلەردە مەھبۇسقا ئايلاندى. غالچىلىقتىن نومۇس ھېس قىلغانلار ۋەتەننى تاشلاپ ھىجرەت يولىنى تاللىدى. يەنە بىرمۇنچە غەم يېمەسلەر ، قورساق باقتىلار، ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇتقانلار ئەنە شۇ پۇلنىڭ، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە تىرىك مۇردىدەك ياشاپ يۈرمەكتە.

مەن خەلقىمگە نېمە قىلىپ بەردىم؟ ئاللاھنىڭ پەرزىنى، پەيغەمبىرىمىز -نىڭ سۈننىتىنى، ۋەتەننىڭ قەرزىنى، مىللىتىمنىڭ ئەرزىنى، يۇرتۇمنىڭ دەردىنى ئادا قىلالىدىممۇ؟

كوماندىرىم ئابدۇراھمانوف قانلىق جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن باتۇر ئىدى. خىتاي باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرەشلەردە ئەقىللىق يېتەكچى ئىدى. مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتا تەدبىرلىك كادىر ئىدى. خىتاينىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپمۇ قانۇنىي يوللاردىن پايدىلىنىپ، خەلقىنى قوغدىغان، خەلقىنى ئازادلىق ئۈچۈن تەشكىللىگەن پىداكار رەھبەر ئىدى. ئۇ نام - ئابروي، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش، ھارام بايلىق بىلەن باياشات ياشاشتىن ۋاز كېچىپ، خىتاي زىندانلىرىدا يېتىشنى ئەۋزەل كۆردى. مەنچۇ؟!

- هوي، قۇرۋانكا، ناھىيىنىڭ مۇھىم بىر ھۆججىتىنى ئەكەلگەن ئىدىم، ھازىرلا ئىبلىۋالامسەن؟- يىراقتا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ۋارقىرىغان يېزىلىق ھۆكۈمەت پوچتا خادىمى راخماننىڭ ئۈنىنىڭ بىرنچە ۋارقىرىغان ئاۋازى، تىنگى يوق چىگىش خىيال دەرياسىدا قىرغاقتا چىقالماي قىينىلىۋاتقان قۇربانىنى ئەسلىگە ئىبلىپ كەلدى. راخمان ئىتىنى يىتىلەپ كېلىپ ئۇلارغا سالام بەردى ھەمدە قولىدىكى قىزىل تامغىلىق پىچەتلەنگەن ھۆكۈمەت كونۋېرتىنى قۇربانغا تەڭلىدى ۋە:

- قۇربانكا، بۇ ھۆججەت ناھىيىدىن يېزىمىزغا كەلگەن ئىكەن، بىر نۇسقىسى يامانتۇر كەنتىگە دەپ يېزىلغان كونۋېرتنى سىلەرگە ئالغاچ كەلدىم.- دەپ قوشۇپ قويدى.

قۇربان كونۋېرتنى ئېچىپ قاتلانغان ھۆججەتنىڭ باش قىسمىدىكى قۇرۇق سىياسىي ئىبارىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، يېنىدا تەشۋىشلىنىپ قاراپ تۇرغان بەش كىشىگە سىلەرمۇ ئاڭلاڭلار دېگەندەك قارىۋېتىپ خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىرى:

« .... ناھىيىلىك پارتكوم تۆۋەندىكىدەك قارار قىلدى:

ئابدۇكېرىم ھاكىم ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. ئاقتۆپە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى كادىر مۇتەللىپ ناھىيىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا مۇدىرلىققا. ساقچى ئەكبەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ئاقتۆپە يېزىسىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان خەنزۇ ئەترىتىگە كېلىپ يەرلەشكەن 80 ئائىلىلىك كۆچمەن دېھقانلارنىڭ ئىچىدىكى 22 نەپەر

پىشقەدەم كوممۇنىست ئەزالارنىڭ بىر قىسمى ئۆزۈن سەپەرگە قاتناشقان، بىر قىسمى يەر ئىسلاھاتىدا خىزمەت كۆرسەتكەن تەجرىبىلىك دېھقانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ 4 نەپىرى ناھىيىلىك كەمبەغەل، ئوتتۇرا دېھقانلار كومىتېتىغا، 4 نەپىرى ئاقتۆپە يېزىلىق ھۆكۈمەت پارتىيە ياچېيكىسىغا، 2 نەپىرى يېزىلىق ئامانلىق ئىشخانىسىغا، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقىغان 2 نەپىرى بولسا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىغا (يېزىدا قۇرۇلىدىغان خەنزۇ مەكتەپنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن) ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇندىن باشقا، ئاقتۆپە يېزىسىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان خەنزۇ ئەترەتنىڭ تېرىلغۇ، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، يامانتۇر كەنتىگە قاراشلىق چۇشۇرگىدىكى 60 مو قۇملۇق يەر، ھەمدە قىسىر ئېگىزدىكى يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن 200 مو يەر خەنزۇ ئەترەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلسۇن. قىسىر ئېگىزدىكى دېھقانلارنىڭ توختىمى بىكار قىلىنىپ، ئۇلارغا بوز يەردىن قايتا تېرىلغۇ يېرى ھەل قىلىپ بېرىلسۇن.»

قۇربان ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى خىتاينىڭ يەر دەۋاسى ھەققىدىكى سوت ئېچىلغان كۈندىكى چىرايىنى دەرھال ئەسكە ئالدى. باش سوتچى تۆلەم ھۆكۈمىنى ئوقىغاندا، يېنىدىكى تەرجىمان ئارقىلىق ئاڭلاپ تۇرغان لى سېكرېتار ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، خەپ دېگەندەك ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

- بۇ ئاشكارا بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟

- بىزدىن ئۈچ ئېلىۋاتامدۇ نېمە بۇلار.

- گەپ قىلمىساق، بۇ كەلگۈندىلەر بىشىمىزغا دەسسىگىلى تۇردىغۇ؟

- گەپ قىلە قۇربان، ئەمدى ئىلىغا، ئۈرۈمچىگە ئەرزگە بارامدۇق قانداق؟ - دېھقانلار تەرەپ- تەرەپتىن سوراشقا باشلىدى.

- ياق ئاغىنىلەر، تاققا چىقىپ كېتىمىز! - قۇربان داڭ قېتىپ قالغان پېتى نېمە دەۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى، ئەمما غېنى باتۇرنىڭ ئۆشىنىسگە مىلتىقنى ئارتىپ ئاتلىق نىلقا تاغلىرىغا كېتىۋاتقان قىياپىتى كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى.

# ئاپتور ھەققىدە



يازغۇچى ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر 1951- يىلى ئۈرۈمچىدە دىندار زىيالىي باقى تۆردى ئائىلىسىنىڭ 8- پەرزەنتى بولۇپ تۇغۇلدى. ئۇ ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، كەچلىك گېزىتى تەھرىر مۇدىرى، تەڭرىتاغ ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1991 - يىلى ياردەمچى ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئىلتەبىر 1992 - يىلى ئائىلىسى بىلەن تۈركىيەگە كېلىپ ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى كۇلتۇر تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى، شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، ئاتا تۈرك كۇلتۇر مەركىزى تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتى پروجېسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى . 2000- يىلى ئامېرىكىغا بېرىپ ۋاشىنگتوندا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا مۇھەررىر بولۇپ خىزمەت قىلماقتا .

ياردەمچى ئالىي مۇھەررىر ئابدۇلھېكىم خەلقئارا قەلەمكەشلەر بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان يازارلار بىرلىكى ۋە تۈركىيە ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ساھىپلىرى مەسلەك بىرلىكى - ILESAM نىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ 10 نەچچە كىتابى ۋە يۈزلىگەن شېئىر، ھېكايە، ئىلمىي ماقالىلىرى ئۈرۈمچى، ئىستانبۇللاردا نەشر قىلىندى.

تۈركىيە ۋە ئامېرىكا پۇقراسى بولغان ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر ھازىر ئايالى دىلبەر خانىم ۋە 3 پەرزەنتى، كۈيئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئامېرىكىدا ياشايدۇ.